# ئائىلە ھەققىدە
# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

# ئائىلە ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئۆمەرجان نۇرى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ــ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于家庭的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐: 新疆美术摄影出版社: 新疆电子音像出版社, 2008.7

ISBN 978-7-80744-363-6

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言—汇编—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2008) 第 108084 号

| | |
|---|---|
| 书　　名 | 关于家庭的格言 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 编　　者 | 莎迪克江·阿不都热西提 |
| | 艾合买提·买买提 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880mm×1230mm　32 开 |
| 印　　张 | 5 印张 |
| 版　　次 | 2008 年 9 月第 2 版 |
| 印　　次 | 2008 年 9 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-80744-363-6 |
| 定　　价 | 12.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۇنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

بۇ بەختسىز نىكاھلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنى تۇرمۇشتىكى بەزى ئۇششاق ـ چۇششەك ئىشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

نۇرغۇنلىغان خانىملار ئۆز نىكاھىنىڭ گۆرىنى ئۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا قازىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

نىكاھ ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز، ئوبيېكتنى توغرا تاللاپلا قالماي، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى ئوبيېكت بولۇشىڭىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ھەمراھىڭىزنى ئۆز خاھىشىڭىز بويىچە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماڭ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن



نى ـ نى رومانتىك خىياللار بەربات بولدى، نىكاھلانغۇچىلار-نىڭ ئەللىك پىرسەنتتىن كۆپرەكى بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. بۇ-نىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، قىلچە ئەھمىيەتسىز بولغان، ئەمما يۇ-رەكنى زېدە قىلىدىغان تەنقىد.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممە كىشى ماختىلىشنى ۋە مۇھەببەتنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ چىن يۈرەكتىن چىققان ماختاش ۋە مۇھەببەت بولسا، ئۆزىنى بەختلىك، شاد ـ خۇرام ھېس قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىگە جۈپ تاللاشتا — قولىدىن ئىش كېلىدىغان قابىلىيەتلىك ئاياللارنى ئەمەس، بەلكى كىشىنى جەلپ قىلالايدىغان، ئەرلەرنىڭ ماختانچاقلىقىنى قاندۇرالايدىغان ھەمدە ئەرلەرنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھېسسىياتقا كەلتۈرەلەيدىغان ئاياللارنى تاللايدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئەگەر ئايال ئېرىدىن خۇشاللىقتا ئېرىشسە، بۇ چوقۇم ئېرىدىنىڭ ئۇنى ماختىغانلىقى ۋە سادىقلىق بىلەن قىزغىن سۆيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ئەگەر ماختاش ساداقەتلىك ئەرنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەر بەختلىك ۋە شاد ـ خۇرام بولالايدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

سىز ئائىلە تۇرمۇشۇم بەختلىك، شاد ـ خۇرام ئۆتسۇن دېسىڭىز، ئەڭ مۇھىمى، چىن قەلبىڭىزدىن ماختاڭ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

كېيىسپ ئېيتالايمەنكى، پاجىئە سەۋەبىدىن ئاجراشقانلار كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا سەل قارىماڭ.
دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

يولسىزلىق قىلىش مېھىر ـ مۇھەببەتنى يالماپ تۈگىتىدى-
غان راك ھۈجەيرىسىدۇر.
دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

بىز ناتونۇش كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە لوقما سېلىپ، ئۇلار-
نىڭ سۆزىنى «ۋاي خۇدايىمەي، يەنە كونا پايتىمىنى سۆرەپ چىق-
تىڭىزغۇ!» دەپ ئۈزۈۋېتىشنى خالىمايمىز. رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ،
دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ خېتىنى ئاچمايمىز ياكى ئۇلارنىڭ خۇسۇ-
سىي مەخپىيەتلىرىنى بىلىشكە قىزىقمايمىز. پەقەت ئۆز ئۆيى-
مىزدىكىلەر، يەنى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمىز خاتا قىلغاندا بولسا،
ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلىمىز.
ناھايىتى ھەيران قالارلىقى، لېكىن ناھايىتى توغرىسى شۇكى،
بىزگە سېسىق، ئەڭ ھاقارەتلىك، كىشىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان
گەپلەرنى قىلىدىغىنى يەنىلا بىزنىڭ ئائىلە كىشىلىرىمىز.
دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

ئەدەپ دېگەن نىكاھ ئىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇددى ماتورغا
ماي بولمىسا بولمىغاندەكلا مۇھىم.
دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىكاھ ئىشلىرى كەسپىتىنىمۇ مۇھىم ھەم ئۆزىنىڭ جانىجان مەنپەئىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نىكاھلىق تۇرمۇشى خۇشال ـ خۇرام ئۆتسە، ئۇ بويتاق ئۆتكۈزگەن تالانتلىق تۇرمۇشتىنمۇ لەززەتلىك بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

ئەرلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى ھەرقانداق كەسپتىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىدىن كۆپ بولىدۇ، يىمەكلىكلەر سودا كەسپىگە قەدەم قويغان ئەرلەرنىڭ يەتمىش پىرسەنتى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. توي قىلىش زالىغا كىرگەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ يەتمىش پىرسەنتى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

نىكاھلىنىشقا سىلىشتۇرغاندا، — دەيدۇ ئۇ، — پۈتكۈل ھاياتىمىزدا ياشاش بىر قىستۇرما بولۇپ، ئۆلۈش ناھايىتى كىچىك بىر ئىش.

دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

مۇبادا مەلۇم جايدا مەلۇم بىر ئايال مېنىڭ كەچلىك تاماق

ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكۈچە ئۆيگە قايتمىغانلىقىمغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولسا، مەن ھەممە تالانتىمدىن ۋە ھەممە ئەسەرلىرىمدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولاتتىم!

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

بىر ئايالنىڭ ئەرلەرنىڭ ئىلمىسىدە ئەرنىڭ ئىپادىلىرى... 

بىرەر ئايالنى ئەرلەرنىڭ نېمىشقا ئائىلىسىنى خۇشال ـ خۇرام قىلىشقا كەسپىي ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا كۈچىگەندەك كۈچىمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆڭۈلدىكىدەك خانىمنىڭ، ئىناق شاد ـ خۇرام ئائىلىنىڭ بولۇشى بىر مىليون دوللار تاپقاندىنمۇ بەك مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن يۈز ئەرنىڭ ئىچىدىن نىكاھ ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى سالماقلىق بىلەن ئويلاپ باققان ياكى سەممىيلىك بىلەن سىناپ باققان بىرنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەرلەر ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى تەقدىرنىڭ ئىلتىپاتىغا تاپشۇرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنى تەلەي مۇئەككىلىنىڭ ھىممىتىگە باغلايدۇ، ھەممە پۇل ئەرنىڭ يانچۇقىدا تۇرغان، زورلۇق قىلىش ئەمەس، بەلكى سىلىق ئۇسۇلنى قوللىنىشقا توغرا كەلگەن پەيتتە، ئۇلار خانىملىرىغا نېمىشقا مۇلايىم بولمايدۇ؟ بۇ نۇقتىنى ھەقىقەتەن چۈشەنمەيدۇ.

ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، ئەرلەر ماختاش ئۇسۇلى ئارقىلىق رەپىقىلىرىگە ھەرقانداق ئىشنى قىلدۇرالايدۇ، ئاياللار

قىلغاندىمۇ ھېچنېمىگە قارىماي قىلىدۇ. ئەرلەرگە مەلۇمكى، ئۇلار ئاياللىرىنى بىرنەچچە ئېغىز ماختاپ قويسا ياكى ماڭا كۆپ ياردەم قىلدىڭىز، ئەمما بىر تىيىنمۇ خەجلىمىدىڭىز، دەپ قويسا، ئاياللار تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ھەرقانداق ئەر كىشىگە مەلۇمكى، ئەگەر ئەر كىشى ئايالىنىڭ ئۆتكەن يىلقى مەلۇم كىيىمىنى كىيسە ناھايىتى گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتسا، ئايالى ھەرگىز پارىژدىن ئىمپورت قىلىنغان ئەڭ يېڭى پاسوندىكى كىيىمنى سېتىۋېلىشنى خالىمايدۇ. ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، ئۇلار ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە تاكى ئۇ شەپەرەڭدەك كۆرەلمەس بولۇپ قالغۇچە سۆيەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالىنىڭ لېۋىگە قىزغىن ھالدا بىرنى سۆيۈپ قويسا، ئايالى شۇ ھامان قىسقۇچپاقىدەك زۇۋان سۈرمەس بولۇپ قالىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

پەقەت كۆزقارىشى ناھايىتى بىر تەرەپلىمە بولغان گالۋاڭ نېرۋا كېسەل دوختۇرلا تۇرمۇشتىكى سۈركىلىشنىڭ كۆپىنچىسى جىنسىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقتىن بولمايدۇ، دېيىشى مۇمكىن. مەيلى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر جىنسىي جەھەتتىكى تەلەپ قاندۇرۇلسا، باشقا مەسىلىلەر تۈپەيلى كېلىپ چىققان سۈركىلىشلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىر ياققا قايرىپ قويۇلىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن



www.uyghurkitap.com

نىكاھتا مەغلۇپ بولۇشنىڭ تۆت سەۋەبى بار. ئۇلار مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) جىنسىي مۇناسىۋەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق.

(2) پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەسلىك، مەسىلەن، بوش ۋاقىتلاردا قەيەرلەرگە بېرىشتا بىرلىككە كېلەلمەسلىك.

(3) پۇلنىڭ يېتىشمەسلىكى.

(4) روھىي، جىسمانىي ياكى كەيپىيات جەھەتتىكى نورمالسىزلىق.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

نىكاھتىن ئاجراشقۇچىلارنىڭ ئونىنىڭ توققۇزىغا جىنسىي مۇناسىۋەت سەۋەب بولغان.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

جىنسىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى — تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش، يەنە كېلىپ كۆپ ساندىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى



دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

نۇرغۇنلىغان ئەر ـ ئاياللار ھەقىقىي نىكاھلانغانلار ئەمەس، پەقەت ئۇلار ئاجراشمىغان، خالاس. ئۇلار ئەمەلىيەتتە دوزاخنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۈننى كۆرۈۋاتىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

جىنسىي مۇناسىۋەت — نىكاھلىق تۇرمۇشتىكى قانائەتلەنمەسلىك قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بىرى. لېكىن، بۇ ئىشلار ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسا، ئاندىن باشقا ئىشلارنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

نىكاھلىق تۇرمۇشتىكى پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل مەسىلىسىنى ئوبيېكتىپ ۋە يۇكسەك دەرىجىدە مۇھاكىمە قىلىش كېرەك.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

سىز ئائىلە تۇرمۇشىڭىزنى تېخىمۇ شاد ـ خۇرام ئۆتكۈزەي دېسىڭىز، نىكاھ ئىشلىرىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتكە دائىر ئوبدان كىتابتىن بىرنى تېپىپ ئوقۇڭ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ياشانغاندا يالغۇزلۇقنىڭ دەردى ھەممىدىن يامان.

دالى كارنېگ: «ئۇلۇغ ئەربابلار» دىن

تولا كوتۇلدايدىغان خوتۇن ياكى ئەر بىلەن قىسقىغىنا يولنى بىللە يۈرۈش، كۆڭلىدىكى كىشى بىلەن ئون كىلومېتىر يول ماڭغاندىنمۇ بەك كىشىنى ھاردۇرۇۋېتىدۇ!

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئۆمرۈمدە نۇرغۇن سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزەرمەن، ئەمما مەن مەڭگۈ مۇھەببەت ئاساسىدا نىكاھلىنىشنى ئويلايمەن.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئەرلەر ئاياللارنىڭ گۈزەللىك قوغلىشىش قارىشىغا ۋە مۇۋاپىق ياسىنىش تىرىشچانلىقىغا زوقمەنلىك بىلدۈرىدۇ. بىراق، بارلىق ئەرلەر بۇ نۇقتىنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر سەللە دىققەت قىلىدىغان بولسا، ئاياللارنىڭ كىيىنىشكە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئەگەر ئائىلە تۇرمۇشىڭىزنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىنى ساقلاي دېسىڭىز، چىن كۆڭلىڭىزدىن زوقلانغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

سىز ئايالىڭىز ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىلا، گۈل سوۋغا قىلماستىن، ئايالىڭىز ساق ۋاقتىدىمۇ ئۇنىڭغا بىرەر دەستە گۈل سوۋغا قىلىپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئاياللار تۇغۇلغان كۈن ۋە خاتىرە كۈنلەرگە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەرقانچە غەم يېمەس ئەرلەرمۇ ئايالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ۋە

توي مەرىكە كۆنىنى ئەستە ساقلىشى، ھېچبولمىغاندا توي مەرىكە كۆنىنى بولسىمۇ ئېسىدە تۇتۇشى كېرەك.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئېرى ئەتىگىنى ئىشقا ماڭسا، خوتۇنى قول ئىشارىتى قىلىپ «خوش ئەمىسە» دەپ قويسا، نۇرغۇن نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىشلىرىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئىدى.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئاياللارنىڭ ئەركىلەپ كارىۋاتتا ناشتا قىلىشى خۇددى ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بېرىپ كۆڭۈل ئاچقىنىغا ئوخشاش.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، نىكاھنىڭ ئۆزى بىر قاتار ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن



مۇھەببەتنىڭ يوقىلىشى قىلمىدى مېنى ۋەيران،
بىراق ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ ئازارىغا قالىمەن، ھەيران.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

بىھۆرمەتلىك — مۇھەببەتنى چىرىتكۈچى سېسىق

ئازگالدۇر.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

مەن بۇ يەردىن بىرلا قېتىم ئۆتىمەن، شۇڭا مەن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ياخشى ئىشنى ياكى ھەرقانداق كىشىگە بىلدۇرۇشكە تېگىشلىك ھەرقانداق خەيرخاھلىقنى ھازىر قىلاي. ئۇنى ئارقىغا سۈرمەي، ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلماي، چۈنكى مەن بۇ يەردىن كېيىن ئۆتمەيمەن.

ئەگەر ئائىلە تۇرمۇشىڭىزنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىنى ساقلاي دېسىڭىز، ئازراق دىققەت ـ ئېتىبارىڭىز قوزغالسۇن.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئېھتىياتچانلىق بىلەن لايىق تاللىغاندىن سىرت، مېنىڭچە تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىنكى ئەدەپ ـ ھايا ھەممىدىن مۇھىم. ياش چوكانلار ئۆز ئەرلىرىگە نىسبەتەن خۇددى يات كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك ئەدەپلىك ـ ھايالىق بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئەر كىشى ھازازۇل خوتۇنلىرىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن



ئەدەپلىك بولۇش ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئۆزى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى قوغدىغۇچى قاراۋۇل بولۇپ، ئۇ «ئۆيدىكى گۈل» نى خۇش پۇراق ھېس قىلدۇرۇپ، ئەر ـ خوتۇنلارنى تالاغا

قاراتمايدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

نىكاھ بىلەن سىپلىشتۇرغاندا، تۇغۇلۇش ھاياتنىڭ بىر پەردە كۆرۈنۈشى، ئۆلۈم بولسا كىچىككىنە تاسادىپىيلىق.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

بارلىق نىكاھ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى جىنسىي مۇنا- سىۋەت جەھەتتىكى ماسلىشىشنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكىگە قوشۇلىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

جىنسىي تۇرمۇش ھەممە كىشى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئەر ـ ئاياللا- رنىڭ خۇشاللىقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسە.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

مىڭلىغان تاسادىپىيلار سىنىقىدىن ئۆتىدىغان ئەر ـ خوتۇن مۇھەببىتى، كۈندىلىك ئەڭ ئاددىي ھادىسە بولۇشىغا قارىماستىن، ئەڭ گۈزەل مۆجىزىدۇر.

گ. مورئاك

ئائىلىنى بۇزۇشقا مۆلچەرلەنگەن ھەرقانداق ئىجتىمائىي نە-



www.uyghurkitap.com

زەربىلەر كېرەكسىزدۇر. توغرا ئەمەستۇر. ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ گۆھىرى.

ۋ. ھيۇگو

ئائىلىۋى مۇھەببەت ئادەملەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، ئەڭ مۇستەھكەم مۇھەببەتتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، ئۇ كىشىلەر ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتىن ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ھايات بەخش تۇيغۇسى ھېسابلىنىدۇ.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

پەقەتلا ئائىلە غېمىنى يەپ ياشاش ھايۋانىي ئاچ كۆزلۈكتۇر. بىر كىشى ئۈچۈن ياشاش — پەسلىلىك، پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشاش بولسا شەرمەندىلىك.

ن. ئا. ئوستروۋىسكىي

بىرلا قەلب ئۇستىگە ئۆي سالىمەن دېگەن ئادەم ئۇنى خۇددى ئوتتىن نەپەس ئېلىۋاتقان تاغقا قۇرغانغا ئوخشايدۇ. ئۆز بەخت - سائادىتىنى پەقەت ئائىلىۋى ھاياتتىنلا كۈتكەن ئادەم بۇنداق ئۆينى گويا قۇم ئۇستىگە قۇرۇۋاتقانغا ئوخشايدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن

تەنھا ئادەمنىڭ ھاياتى، قانچىلىك باياشات ئۆتۇشىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

قەتئىينەزەر ئىنتايىن پەقىرانىلىقتىن ئىبارەتتۇر.

ئا. ئى. گېرتسېن

پەقەتلا بىر كىشىگە قارىتىلغان، ھاياتنىڭ ھەممە خۇشاللىقىنى ئۇنىڭ چىرايىدىن دەپ بىلگەن، باشقا جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئازاب - ئوقۇبەتكە ئايلاندۇرغان مۇھەببەت ئۆزىگىمۇ، ئىككىنچى كىشىگىمۇ ئوغا ئېلىپ كېلىدۇ.

ف. ئە. دزېرژىنسكىي

ئەقىل - پاراسىتى بالدۇر توشقان ئادەم ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئائىلىۋى ھاياتقىلا بېغىشلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئومۇم مەنپەئەتلىرى يولىدا كېتىۋېتىپ ئائىلىۋى ھاياتتىنمۇ ۋاز كەچمەيدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن

ئائىلىۋى مەنپەئەتلەر كۆپىنچە دېگۈدەك ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەرنى خاراب قىلىدۇ.

گ. بېكون



پەقەت ئېرى ۋە بالىلىرىنىلا سۆيۈشنى بىلىدىغان، قالغان ھېچنەرسە ھەققىدە چۈشەنچىسى يوق ۋە باشقا بىر نەرسىگە ئىنتىلمەيدىغان ئايال كۆلكىلىك، بىچارە ۋە ئەر زاتى مۇھەببىتىگە مۇناسىپ بولمىغان ئايالدۇر. شۇنىڭدەك، ئۆز خوتۇنى ۋە

باللىرىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئەرمۇ خۇددى شۇنداق كۆلكىلىك، بىچارە ۋە نامۇناسىپ ئادەمدۇر.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

مەن ئۆز ھاياتىمنى پارچىلىنىشى مۇمكىن بولغان يۈرەككىمۇ، گاللىشىپ قالىدىغان ھېس - تۇيغۇلارغىمۇ ئەمەس، بەلكى ھېچقاچان كونىرىمايدىغان ۋە ھەممە نەرسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مېڭىگە جەملىگەنمەن.

ئو. بالزاك

نىكاھ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى پەلەمپىيى.

تىستېپسرون

... جىنسىي سۆيگۈ ئۆز تەبىئىتىگە مۇۋاپىق نىكاھنى تەلەپ قىلىدۇ... جىنسىي سۆيگۈگە ئاساسلانغان نىكاھ ئۆز تەبىئىتىگە خاس ئىندىۋىدۇئال نىكاھتۇر.

ف. ئېنگېلس



ھېچ كىشى نىكاھتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىنمايدۇ. ئەمما ھەر كىشى نىكاھتىن ئۆتكەن ئىكەن، نىكاھ قانۇنلىرىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىنىشى كېرەك.

ك. ماركس

ھەرقانداق نىكاھ ئۈستىدىن مۇئەييەن بىر نەرسە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ھەربىر ئادەم ئۆز ھۇزۇر - ھالاۋىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىگەن ھالدا نىكاھتىن ئۆتۈشى كېرەك.

پلاتون

نىكاھ مۇھەببەتنىڭ قارار تېپىشىدۇر. تولۇق مەنىسى بىلەن پىشىپ يېتىلگەن يۈرەكلا ھەقىقىي سۆيگۈگە مۇناسىپ، شۇ ئاساستا مۇھەببەت نىكاھ تەقلىتىدە ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان ئەڭ ئالىي مۇكاپاتنى كۆرەلەيدۇ ۋە ھەرقانداق شۆھرەت ئالدىدىمۇ سۇسلاشماي، بەلكى مۇھەببەت يالقۇنىدىن ئۆزىنىڭ خۇش پۇراق ئەسلىي گۈللىرىنى جۇلالىتىپ ئېچىلدۇرالايدۇ.

ۋ. گ. بېلىنىسكىي

ئائىلىۋى ھايات ئۆزئارا مۇھەببەت بىلەن باغلانغان بولسا، چوڭ بەخت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

ن. گ. كروپسكايا

ئائىلىۋى ھاياتتا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۇششاق - چۈشەك كەمتۈكلۈكلەرنى پەقەت كۈچلۈك مۇھەببەتلا تولۇقلاپ كېتىشى

مۇمكىن.

د. درايزىر

ئۆز ئۆيىدە بەختلىك بولغان ئادەملا بەختلىكتۇر.

ل. ن. تولستوي

چىن مۇھەببەت ھەممە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە ياردەملىشىدۇ.

ف. شىللېر

ئالدىراپ، بىر تەرەپلىمە سۆيۈش، ئۆيلىنىشنىڭ زوقلاندۇرۇشلا رولى بار، خالاس. بىرەر قىزغا ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆيلىنىش، خۇددى بازاردىن كېرەكسىز بولسىمۇ، كۆزگە ياخشى كۆرۈنگەن نەرسىنى سېتىۋېلىش بىلەن تەڭ.

ئا. پ. چېخوف

ياخشى كۆرمىگەن ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقىش قاباھەتلىكتۇر.

ئى. پىسارېف

ئەر ـ خوتۇنلۇق بولۇپ، بىر ياستۇققا باش قويۇشقانغا قەدەر بىر ـ بىرىنىڭ ئادەتلىرى، خۇلقى ـ مىجەزلىرى، خاراكتېرىنى

مۇكەممەل ئۆگەنمىگەنىكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك بولمايدۇ.

ئو. بالزاك

ھاياتلىرىنى بىر - بىرلىرىگە باغلىماقچى بولغانلار نىكاھقا قەدەر ھەممە نەرسىگە كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ قاراشلىرى، نىكاھتىن كېيىن بولسا، بەزىدە كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىش كېرەك.

م. سكيودېرى

ئامەتلىك نىكاھ ھەر كۈنى تەمىر قىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك بولغان بىنادۇر.

ئا. ملارۇئا

نىكاھ بەس - مۇنازىرىلەر بىلەن بۆلۈنۈپ تۇرغۇچى ئۇزۇن - ئۇزۇن سۆھبەتتۇر.

ستېندال

ئائىلىۋى ھاياتنىڭ ھېچقاچان تاسادىپىي خۇشاللىق بولالمايدىغان ئېھتىماللىقىنىمۇ، پەقەت خۇشال - خۇراملىقنىلا ئەمەس، غەم - ئەندىشىنىمۇ، تەشۋىش - بەختسىزلىكنىمۇ شېرىك ئىكەن-

لىكىنى بىلىشىڭ كېرەك.

ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكىي

«سۆيگۈنۈم يېنىمدا بولسا، گەمىدە جەننەت» دېگەن دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن ئۆزۈڭنى بەزلىمە، نىكاھ پەقەت مەنىۋىلا ئەمەس، ماددىي ماسلىشىش، ئائىلە قۇرماقچى ئىكەنسەن، ماددىي جەھەتتىن ئالاھىدە مۇستەقىللىقىڭ ھەققىدە — تۇرمۇشتىكى يولدىشىڭنى بېقىپ، كىيىندۈرۈپ باشپاناھ بولالامسەن - يوق — مانا شۇلار ھەققىدە ئويلاپ باق.

ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكىي

نىكاھ كۆپ تەشۋىش تۇغدۇرىدۇ، ئەمما نىكاھسىز تۇرمۇشتىمۇ ھېچقانداق خۇشاللىق بولمايدۇ.

س. جونسون

نىكاھسىز تۇرمۇش ئەخلاقسىزلىق ئالامىتىدۇر. بۇنداق تۇرمۇش ئىككى جىنسنى ياخشى ئادەملەر قاتارىغا قوشىدىغان پۇرسەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئەكسىچە، خاراب بولىدىغان قوشۇلۇش ئىسكەنجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

رانتېسكىي

ئائىلىۋى مۇھەببەت — ئىنسان زۆرۈرىيىتىنى كۆپەيتىدۇ.

دوستانە مۇھەببەت ئۇنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ، غەيرىي ئەخلاقىي مۇھەببەت بولسا، ئۇنى بەربات قىلىپ يەرگە ئۇرىدۇ.

ف. بېكون

بويتاقلىق — غەيرىي ئىجتىمائىي ھالەت.

ئو. بالزاك

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرماي تېزلا ئۆيلەن. خوتۇنۇڭ ياخشى چىقسىغۇ ياخشى، بەك ياخشى ياكى يامان چىقسا — پەيلاسوپ بولىسەن.

سوقرات

ياخشى خوتۇن بىلەن ياشاش — ھايات دولقۇنلىرىدا بىر ئەشەنچلىك قولداشنىڭ پاناھلىقىغا ئېرىشكەنلىك بولسا، يامان خوتۇن بىلەن ياشاش ئۆز ئۆيۈڭدە بوراننىڭ ئىچىدە قالغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ژ. پېتتىسن



مۇھەببەت ئائىلىۋى ماجىرالارنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ. ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتلىك بولۇش ئۈچۈن، بىر ـ بىرىڭلاردا ئەڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى تېپىشنى بىلىشىڭ كېرەك.

ئو. بالزاك

ياخشى خوتۇن — جان مەلھەمى.

قابۇس

ئايال ئەر كىشىنىڭ بۈيۈك مۇرەببىيسىدۇر.

ئا. فرانس

ئۆز ئېرىنى ئالغا ماڭدۇرمىغان ئايال ئۇنى جەزمەن ئارقىغا تارتىدۇ.

ج. ملل

ئۆز ئېرىنىڭ پىكرو خىيالىنى بەند قىلغان ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن سىرتتا ياشىغان، ئۇلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ياردەملەشمىگەن ئايال، ئەر كىشىنىڭ ئوينىشى، تېجەشلىك ئۆي قاراۋۇلى، بالا تەربىيىلىگۈچى بولۇش مۇمكىن، لېكىن ئۇنى ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە ئايال دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن



قېرىغان ئادەم ياشلىق ئوتىدا يانالمايدۇ.

ئىبن سىنا

كونا چاناچ شارابقا چىداشلىق بېرەلمەيدۇ، قېرى يۈرەك

ياشلىق تۇيغۇلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

س. ت. ئاكساكوف

بەزى قىزىلارنىڭ ياش ئايالالرنى سۆيۈشكە ئىنتىلىشى يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىمەنىلىككى، ئۇلار ئۆز مۇھەببەتلىرىگە مۇھەببەت بىلەن جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا ھەققىمىز بار دېگەن خام خىيالدا يۈرىدۇ. ئەسلىنى ئالغاندا بۇ ئوـ رۇندا ئەيىب پەقەت شۇ قىزىلاردىلا ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ بىمەنە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەۋاتقان ياش ئايالالردا.

ج. لابريويېر

ئايال زاتى ئۈچۈن قىزىماسلىقنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى — نىكاھتا بولۇش.

ئا. بېبېل

ياش خوتۇننىڭ يېنىدا چال ياتقاندىن كۆرە، ئۇنىڭ بېقىنىغا كامان ئوقى پاتقان ياخشى.



سەئدى

نىكاھ بوسۇغىسىدىن ئۆتكەن بىر جۈپ، گويا مەنىۋى دۇنياسى بىر بولغان شەخسكە ئايلىنىشى كېرەك.

ئى. كانت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياخشى ئەر ـ خوتۇندا قەلب ئىككى بولسىمۇ ئارزۇ بىر.

م. سېرۋانتېس

ئار ـ نومۇس ئەر ـ خوتۇن ئىناقلىقىنىڭ قېنى ۋە جېنىدۇر.

د. ئى. فونۋىزىن

دىلدىكى ئىشەنچتىن كېلىپ چىققىدىغان، قاتتىق شىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىختىيارى، ئاقىلانە ئىناقلىقلىرىغا ئاساسلانغان ئائىلىۋى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مۇستەھكەم بولۇشى مۇمكىن.

ن. ئا. دوبرولىيوبوف

ئۆيلىنىش ئۆز ھوقۇقۇڭنى ئىككى ھەسسە كېمەيتىپ، ئۇستۇڭگە چۈشىدىغان مەجبۇرىيەتنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇش دېگەنلىك.

ئا. شوپېنگائوئېر



«تاماق ئېتىش، كىيىم ـ كېچەك تىكىش، ياماش،كىر يۇيۇش، باللارغا قاراش پەقەتلا ئاياللارنىڭ ئىشى، ئۇنى قىلىش ئەر كىشىگە ئۇيات»دېگەندەك بىر خىل يىلتىز تارتىپ كەتكەن خاتا پىكىرلەر مەۋجۇت. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ پىكىرنىڭ ئەكسى تېخىمۇ ئۇياتلىقراق، ھامىلدار ئايال زورمۇ زور تاماق تەييارلاۋاتقان، كىر

يۈيۈۋاتقان، كېسەل بالىسىغا قاراۋاتقان بىر چاغدا، كۆپىنچە بىكار يۈرگەن، ۋاقتىنىڭ تايىنى يوق ئىشلار بىلەن ياكى پۈتۈنلەي پايىسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان ئەرلەرگە تېخىمۇ ئۇيات.

ل. ن. تولستوي

نىكاھ مۇستەقىللىق جەھەتتە باراۋەر بولغان ئەر ۋە ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىپادىسىدۇر، بۇنىڭدا ئىتائەت قىلىشمۇ، مەجبۇرىيەتمۇ بىر خىلدۇر.

ل. ئانسپاخېد

ئايال كىشىنى قاتتىق بېسىم ئاستىغا ئېلىش بىلەن ئەر كىشى بەختلىك بولالمايدۇ.

ۋ. ھيۇگو

كۆپىنچە ئەر كىشىلەر ئۆز خوتۇنلىرىدىن قەدىر - قىممەت تەلەپ قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بۇنىڭغا ئەرزىشمەيدۇ.

ل. ن. تولستوي

ئۆز بەختى ئۈچۈن سۆيۈملۈك كىشىسى ئالدىدا قەرزدارلىقنى تەن ئالماسلىق كەچۈرگىنى بولمايدىغان مەغرۇرلۇق.

گ. لېسسىڭ

ئەر كىشىنىڭ نىكاھتىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاددىي نەتىجىسىدۇر. ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىق تۈگىشى بىلەن نىكاھتىكى ھۆكۈمرانلىقمۇ تۈگەيدۇ.

ف. ئېنگېلس

خوتۇن ـ قىزلارنى ئۇنۇملۇك ھالدا ئىجتىمائىي خىزمەتكە قارىتىش، ئۇلارنى «ئۆي چاكارلىقى» دىن خالاس قىلىش ۋە ئەقىلنى خىرەلەشتۈرگۈچى، كەمسىتكۈچى ئىنتائىتكارلىقتىن، تۈگىمەس تار ئاشخانا شارائىتىدىن، بالىلارنىڭ تەشۋىشىدىن ئازاد قىلىش — ئاساسىي ۋەزىپىدۇر، بۇ ئىجتىمائىي تېخنىكا ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئۇزاق داۋام قىلىدىغان كۈرەشتۇر. بۇ كۈرەش كوممۇنىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى نەتىجىسىدە تۈگەيدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

بىزدە ئاياللار تولۇق ئازاد قىلىنغان، ھوقۇق مەسىلىسىدە ئەرلەر بىلەن پۈتۈنلەي تەڭلەشتۈرۈلگەن. لېكىن بۇ توغرا تەدبىردىن، «ئون قېتىم ئۆيلىنىپ، ئون قېتىم ئاجرىشىش مۇمكىنكەن» دېگەن ناتوغرا خۇلاسە كېلىپ چىقماسلىقى كېرەك.

ۋ. ئى. لېنىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بۈگۈن ئۆيلىنىپ، ئەتە ئاجرىشىپ كېتىمەن» دېگەن پىكىرده بولغۇچى كىشى سېپى ئۆزىدىن ئۇششاق بۇرژۇئا ئىندىۋىدۇئالىزىمىنى كۆككە كۆتۈرگۈچىدۇر. بۇ خىل قاراش ئادەمنىڭ مەدەنىي جەھەتتىن قالاقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم قانچىلىك مەدەنىيەتلىك بولسا، سۆزسىز مەسئۇلىيەتچان، ئۆز شەخسىي ھاياتىدىمۇ، مۇئا-مىلە - مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئېھتىياتچان بولىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

مۇھەببەت رەزىل ئادەملەر ئويلىغاندەك، ئىنسان ھاياتىدىكى پەقەت نىكاھ دەۋرىگىچە بولغان ئۆتكۈنچى ۋەقە ئەمەس. بۇ ئەر - خوتۇننىڭ پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا ياشاپ، مۇستەھكەملىنىپ بارىدى-غان تۇيغۇدۇر.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

ئايال كىشىنى ھۆرمەتلەشنى بىلگەن ئەر كىشىلا ئۇنى خور-لىمىغان ھالدا ئۇنىڭدىن ئاجرىشالايدۇ.

س. مۇئەن



كىمىكى ئايال ھوقۇقىنى ھىمايە قىلسا، بالا ھوقۇقىنىمۇ ھىمايە قىلغان بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، كېلەچەكنىمۇ ھىمايە قىلىدۇ.

ۋ. ھيۇگو

نىكاھ ئادەمزات ئەۋلادلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى تەمىن قىلىغۇچى زۆرۈرىيەتتۇر.

لوكىئان

ئۆزئارا مۇھەببەت پەرزەنتلەر سەۋەبىدىن مۇستەھكەملىنىدۇ.

مېناندر

ئائىلە پەرزەنتلەردىن باشلىنىدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن

باللار —جەمئىيەتنىڭ هاياتي كۈچى. ئۇلارسىز جەمئىيەت جانسىز ۋە سوغۇق كۆرۈنىدۇ.

ئا. س. ماكارېنكو

دۇنيادا گۈدەك باللارنىڭ چۇۋۇلدىشىدىنمۇ تەنتەنىلىكرەك گېپمن يوق.

ۋ. هيۇگو



باللار ئىشقا خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر ئۇلار سەۋەبىدىن يەنىمۇ كۆپرەك ئەلەم كەلتۈرىدۇ؛ باللارنىڭ شارائىتى بىلەن هايات يەنىمۇ تاتلىق، ئۆلۈم بولسا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئۇنچىلىك دەھشەت سالالمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

ف. بېكون

ئەگەر ئادەملەرنىڭ ئۆيى قىرىق ياشقا كىرگۈچە باللار چۇقانلىرى بىلەن تولمىسا، ۋەھىمە بىلەن تولىدۇ.

ش. سېنت ـ بېۋ

ئائىلە بىلەن كىشىلىك، ئائىلە بىلەن مىللەت ئىنتايىن يې-قىن بىر جۈپ مەدەنىي ئۇقۇم. ئائىلە — ئىنسان ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ھەربىر ئىنىدىۋىدۇئالى ئۈچۈن ئاساسلىق ئىجتىمائىي بىرلىك قاتلىمى. ئائىلە — نوقۇل مەنىدىكى ئىككى جىنس قوشۇلمىسىنىڭ قانۇنىي شەكلى بولۇپ قالماي، ئۇ يەنە، ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋەللۇتگاھى؛ مېھىر ـ شەپقەت، ئەقىل ـ ئىدراك، ئەخلاق ـ ئادەت، بىلىم ـ مەدەنىيەتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى مەكتىپى؛ قوشنىلارغا، ئىلىم ئوچاقلىرىغا، جەمئىيەتكە، كىشىلىك دۇنياسىغا يۈزلىنىدىغان بىرىنچى بوسۇغىسى؛ ئۆمۈر ئەجرىلىرىنىڭ ئەڭ مۇپەسسەل مۇزېيى؛ كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شىپاخانىسى؛ كىشىنى مەڭگۈلۈك دۇنياغا ئۇزىتىدىغان مۇسىبەت ئۆيى؛ ئەۋلادلار شەجەرىسىنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى؛ مىللەتنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە بىلەن كىشىلىك، كىشىلىك بىلەن ئائىلە قان بىلەن مۇسكۇلدەك يېقىن بولۇپ، ئائىلىسىز كىشىلىكنى، كىشىلىكسىز ئائىلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

كىشىلىك ئىچىدە ياشاپ كىشىلىكتىن خەۋەرسىز خۇراپات، پالچىلىق، موللا تاپقاقلىقتا ئەقىدە قىلىپ ئالەمدىن كېتىدىغان كىشىلەر ساناقسىز بولغاندەك، ئائىلىدە ياشاپ ئائىلە ھەققىدە ئىلمىي تونۇشتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزى بىلگەن ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىغان نادانلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن ھايات يولىنى لاي سۇ-دەك ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئادەملەرمۇ ھېسابسىز!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە - قۇرامىغا يەتكەن يىگىت - قىزنىڭ ئۇچۇرما بولغان قۇش باچكىلىرىدەك قانات قېقىپ قونۇشقا تەمشىلىدىغان باراقسان بېغى! ئەمما، نۇرغۇن يىگىت - قىزلار، ئەر - ئاياللار، ھەتتا بوۋاي - موماي‌لارمۇ ئائىلە دېگەن نىكاھتىن كېيىن باشلانغان تۇرمۇش دەپلا قارايدۇ. مىللىتىمىزدە سادىر بولۇۋاتقان، ئائىلە قۇرغانلاردا سادىر بولۇۋاتقان، مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىغا داغ سېلىۋاتقان بىر قاتار نۇقسانلار، ئىللەتلەر، بەختسىزلىكلەرنىڭ بىزنىڭ ئائىلە ۋە

كىشىلىك ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنىڭ ئېچىلمىغانلىقى، بۇنىڭ ئىلمىي ئاڭ ۋە روھىي تەييارلىقسىزلىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلار زادى قانچىلىك؟! بىزنىڭ قاۋۇل يىگىتلىرىمىز بىلەن نازۇك قىزلىرىمىز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن مۇھەببەت ۋە ئائىلە ھەۋەسلىرىگە گىرىپتار بولسىمۇ، ئۇلار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق زۆرۈر تەربىيە كۆرمەيلا نىكاھلىق بولىدۇ، پەرزەنتلىك بولىدۇ. ئۇلار تۇرمۇش سەپىرىدە تېزلا كۈتۈلمىگەن زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىپ، شامالدا دومىلىغان قامقاقتەك تەمتىرەيدۇ، بوھران ۋە پاجىئەلەرگە يولۇقىدۇ. بۇ ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇلار ئارقىلىق پەرزەنتلىرىگە، ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا، پۈتۈن جەمئىيەتكە كۈچلۈك مەنىۋى لەرزە، ھەتتا روھىي بۇلغىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. يىللار، ئەسىرلەر جەريانىدا بۇ ئىللەت ۋە بۇلغىنىشلار مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، جىسمانىي ساپاسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە ئېغىر، ھەتتا ھالاك قىلغۇچى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ئائىلە — ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي كاتېگورىيە. ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ، جەمئىيەت شەكىلدە تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئائىلە تەدرىجىي ئىجتىمائىي ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت بىرلىكى بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت جەمئىيەتنى قايسى

ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتلىمىغا كۆتۈرمىسۇن، ئائىلە شەكلى قايسى خىل خاراكتېردا راۋاجلانغان بولمىسۇن، ئائىلە ئىنسانىيەت بىلەن بىللە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن بىللە ساقلاندى ۋە راۋاجلاندى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە — ئەڭ پائالىيەتچان ئىجتىمائىي تۇرمۇش كاتېگورد-يىسى. ئۇ بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەشكىلى. يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت ۋە مەشغۇلاتى بىلەن تۇتاشقان دائىمىي جىددىي ھەرىكەت ئىچىدە تۇرىدىغان ئىجتىمائىي كاتېگورىيە. مۇھەببەت، نىكاھ، تۇغۇت، ئائىلە تەربىيىسى، كۈندە-لىك مەئىشەت، كېسەل كۆتۈش، قېرىلارنى كۆتۈش، قىز چىقىرىش ۋە ئوغۇل ئۆيلەش، ئۆلۈم - يېتىم، ئائىلە زىددىيەتلىرى، ئائىلە دە-ۋالىرى، مېھماندارچىلىق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئۇرۇق - تۇغ-قانلىق نەسەپدارچىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىنىڭ دا-ئىمىي جىددىي ھەرىكەتتە تۇرىدىغان ئىجتىمائىي مېخانىزم ئىكەن-لىكىنى كۆرسىتىدۇ.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە — ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت ياكى تۇرمۇش پارا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەندىچىلىكى ئىپادىلىنىدىغان مەركىزىي ھالقا. كىشىلىكنىڭ پۈتۈن ئۆتۈقلىرى، ھەر بىر شەخسنىڭ پۈتۈن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا، مەيلى ئۇ پادىشاھ ياكى پۇقرا، سەركەردە ياكى ئەسكەر بولسۇن، ئۇردا تەختلىرىدە، جەڭ بارگاھلىرىدا ئەمەس، ئائىلىدە ئىنسانىي بەخت - ھالاۋەت، پەخىر - ئىپتىخار قىممىتىنى تاپىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

پۈتۈن ئائىلىلەر بەختلىك بولالمىغىنىدەك، پۈتۈن ئائىلىلەر بەختسىز ئەمەس. بەخت - سائادەت ئومۇمەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئائىلىۋى مەسىلىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىدە بەخت كۆرمىگەن كىشى ئائىلە سىرتىدىن بەخت كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر ماددىي بايلىق ۋە مەئىشەت پاراۋانلىقىنى ھەقىقىي بەخت دەپ چۈشىنىدۇ، بۇ يولدا تەرسالىقتا چۈشۈپ گەرچە ماددىي مەئىشەتكە ئېرىشسىمۇ، ئائىلىۋى بەخت - سائادەتنى ئاللىقاچان بۇزۇۋالغان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئىچىدىكى گۈزەل ۋە گارمونىك مۇناسىۋەت، بولۇپمۇ

ئائىلە ئاساسى بولغان ئەر - خوتۇننىڭ خاتىرجەم ھەم ئېھتىياتچان-
لىق بىلەن بىر - بىرىگە بولغان ھەقىقىي ئىشەنچىسى، ئەخلاقىي
باراۋەرلىكى، گۈزەل مەپتۇنكارلىقى ئىجتىمائىي بەختىنىڭ ئائىلە ۋە
شەخسىي تۇرمۇشتا بەرقارار تېپىشىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ.
ئەر - خوتۇن مەيلى يېڭى ئائىلە، مەيلى قەدىناس ئائىلە ئەزالىرى
بولسۇن نوقۇل ئىقتىسادىي كىرىم قىلىپ بەرگەنلىكى، پەرزەنت
تۇغۇپ بەرگەنلىكىنى پەش قىلماسلىقى، ئائىلە تارىخىنىڭ ھەر
خىل خەتەرنى يېڭىپ مۇستەھكەملىنىپ كەلگەنلىكىدىن بەخىرا-
مان بولماسلىقى، ماددىي مەئىشەتنى ياكى ئىجتىمائىي ئابرۇيىدىن
مەست بولۇپ قالماسلىقى، دائىما مۇھەببەت ۋە روھىي مەمنۇنىيەت
تەربىيىلەشنى ئائىلە بەخت ۋە ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ ئاساسى قى-
لىشى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئائىلە —تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي ھۇجەيرىسى، ئىنسانىي بەختىنىڭ تۇپ قورغىنى. ئائىلە — كىشىلەرنىڭ ئۆمۈر گۈلشىنى! ئەر - ئايال، دەل بۇ گۈلشەننىڭ ئىككى باغۋىنى بولۇشى لازىم. مەپتۇنكارلىق ۋە مەپتۇن بولۇش — ئائىلە مۇھەببىتىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى، ئائىلىدە مەنىۋى رىشتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئائىلىدىكى روھىي كەيپىيات، ئائىلىنىڭ «تېتىقى» دەل مۇشۇ مەپتۇنكارلىققا باغلىق، ئۇنىڭسىز ئائىلە پەقەت مەجبۇرىي

www.uyghurkitap.com

ماتالغان ساندۇقتا ياكى ھاياتىي كۆچىدىن ئايرىلغان گۈل خازىنىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئائىلە بەختسىزلىك، زېرىكىشلىك ئىچىدە، خۇددى يەلكەنسىز كېمىنىڭ دېڭىزدىكى ئەنسىز سەپىرىدەك قايغۇ ـ خاۋاتىر ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئائىلە، ئەگەر ساڭا بەخت بېغىشلىمىسا، باشقىچە ئېيتقاندا، سەن ئائىلىنى بەختىيار ئائىلە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ بىر قاتار غەيرىي ماددىي، غەيرىي مەئىشەتلىك مەنىۋى شەرتلىرىنى ھازىرلىمىساڭ، سەن خۇددى خەلق ماقاللىرىدا «دەريادا بېلىق ئۈسسۇز» دېگىنىدەك ئائىلىۋى بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولالمايسەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىۋى تۇرمۇشتا بەختسىز بولغان كىشى ئومۇمەن تۇرمۇشتا يېڭىلگەن، بەختسىز كىشىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

بىز كۆپ ھاللاردا ئائىلىنىڭ ماددىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەختسىزلىك بوھرانىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ مەنىۋى سەۋەبلەر ئىدىيە، ئېتىقاد، ئەخلاقىي ئۆلچەم جەھەتلىرى بىلەن ئائىلىۋى تۇرمۇش سەنئىتى ۋە ئېستېتىكىسى جەھەتلەردىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى

ئاڭلىق بىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلالىمىغان ئائىلىلەر يەنىلا خېلى سالماقلىق سانىنى ئىگىلەيدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە گەرچە جىنسىي تۇرمۇش ۋە جىنسىي مۇھەببەت سارىيى، شەخسنىڭ ھايات قورغىنى بولسىمۇ، ئۇ نوقۇل ۋە مۇتلەق مەنىدىكى خۇسۇسىي تۇرمۇش روزغارى ئەمەس.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە مۇھىم ھەم مۆجىزىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇيۇشمىسى. ئۇنىڭ ئۆز ئىچكى ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى ياش ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكىگە، پۈتۈن جەمئىيەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ــ تەتقىق قىلىنىشى لازىم بولغان ئىجتىمائىي - گۇمانىتار ئىلىم تارمىقى، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم مۇستەسنا بولمىغان ھالدا ھازىرلىشى لازىم بولغان مەرىپەت «فوندى». ھەممە ئادەم ئۆز ئائىلىسىدە، ئۆز ئائىلىسى ئارقىلىق ئۆز بەختىنى تەشكىللىشى، ئۆز ئوبرازىنى جۇلالاندۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتىنى تېپىشى، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلەر ئالدىدىكى، ئاتا - ئانا ۋە پېشقەدەملەر ئالدىدىكى، پۈتۈن مىللەت ۋە ئىنسانىيەت

ئالدىدىكى ئىنسانىي ـ ئىجادىي تۆھپىكارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشى تامامەن زۆرۈر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە —ھەممە كىشى، پۈتۈن جەمئىيەت، ھەر ساھە غەم-خورلۇق قىلىشى لازىم بولغان مىللىي تۇرمۇشنىڭ «ئۇرۇقى». ئا-ئىلىدىن ئائىلىلەر سىستېمىسى — جەمئىيەت، ئىنسانلار تۈر-كۈمى —مىللەت تۆرىلىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ ماد-دىي ۋە مەنىۋى، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي شارائىتى ۋە قىياپىتىگە ئې-تىبارسىز قاراش جەمئىيەت ۋە مىللەت، ئىنسانىيەتنىڭ رېئال ۋە كەلگۈسىگە ئېتىبارسىز قاراش ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى، سىياسىي، ئىدىيىۋى، ئىقتىسادىي، تېخنىكىۋى پۈتۈن ساھەدىكى غايە، پىلان، تۈزۈلمە، ئىسلاھات، مەبلەغ ۋە ئەمگەك ئەڭ ئاخىرىدا ئائىلىدىن ئى-بارەت مۇشۇ تۇرمۇش ھالقىسىدا خاراكتېرگە، باھاغا، قىممەتكە، ئۆلچەمگە ئىگە بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



«ھەممە ئىنسان ئۈچۈن، ئىنسانىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن» دېگەن ئىنسانپەرۋەر قاراش ۋە پائالىيەت ئائىلىلەر ئارقىلىق رېئال ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئېغىزدىلا ئەمەس، ئەمەلىي تۇرمۇشتا، بىر بۆلەك ئاپتورلار ئىشكاپىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىدە، ئائىلە باشلىقلىرى بولغان ئاتا ـ ئانىلاردىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسان نەسلىدە ھازىرلى- نىشى لازىم بولغان ئاڭدىن ئىبارەت. ئۇنى ھاۋالە قىلغىلى، باشقا كىشى ئۈچۈن ۋاكالىتەن قىلغىلى بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى ئۇيۇشتۇرغان ھايات بەخش ھۈجەيرە؛ ئائىلە مىللەتنى تەۋەللۇت قىلىپ، يېتىلدۈرىدىغان ئانتروپولوگىيىلىك بۇلاق؛ ئائىلە جەمئىيەتنى كەلگۈسىگە ئېلىپ ئۆچىدىغان بۈركۈت قانىتى؛ ئائىلىسىز مىللەت ۋە جەمئىيەت مەۋجۇت ئەمەس. ئائىلە جەمئىيەت پاراۋانلىقىنى كىشى بېشى ۋە پۈتۈن (ئائىلە) بېشىغا تەقسىم قىلىپ باھالايدىغان مىزان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە گەرچە ئىشىكلىرىگە قۇلۇپ سېلىنىدىغان، خاس مو- رىلاردىن تۈتۈن چىقىرىدىغان ئىقتىسادىي بىرلىك بولسىمۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ، مىللەت ئۇيۇملىرىنىڭ بىر ياچېيكىسى. ئۇ جەم- ئىيەت گۈللەنگەندە گۈللىنىش مۇھىتىغا ئېرىشەلەيدۇ، جەمئى- يەتتىن ئوزۇق ئالىدۇ ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ. ئۇنى

جەمئىيەت تىزگىنلەيدۇ ۋە ئۇ جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىلار تەربىيىسى جەمئىيەتتىن، تەربىيە ۋە قانۇندىن ئايرىلالمىغاندەك، ئائىلىنىڭ تەربىيىۋى رولىدىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. جەمئىيەتتىن خالىي ئائىلە مەۋجۇت ئەمەس. ئىنسان ئائىلە ئارقىلىق كىشىلىك جەمئىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە — جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشقان ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش، مۇئامىلە ۋە نەسىل قالدۇرۇشىدىكى ئاساسىي ئىجتىمائىي قاتلىمى بولۇپ، ئائىلىگە تۇتاشمايدىغان ئىجتىمائىي ئىنسانلىنى ۋە ئىنسانغا چېتىلىشمايدىغان ئىجتىمائىي ئائىلىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە —ئەخلاق بۆشۈكى بولۇپ، ياخشى - يامان نىيەت، ئەخلاقىي چۈشەنچە ۋە ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرىنچى «ئانا قارنى» ياكى مۇنبەت زېمىنىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ئائىلە ئەخلاقى — ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت ياكى «مەملىكەت» نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تىزگىنلەيدىغان دەستىگاھ ۋە ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەك

بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇ كەسپىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئەخلاق-نىڭ يىلتىزى ۋە ئۇلىدىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدە ئائىلە ئەخلاقى-نىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى ئائىلە كاتېگورى-يىسىدىن چوڭدۇر، دېگەن فورمۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئەخلاقى — ھەر بىر ئادەم سۇبيېكتىدىكى بىرىنچى ئىنسانىي مەنىۋى روھ، بىرىنچى خاراكتېر تۈزۈلمە فوندى، بى-رىنچى ئوبيېكتىپ دۇنياغا يۈزلىنىش دەھلىزى بولۇپ، ھەر بىر يەككە ئادەمنىڭ ئەخلاق «گېنېئالوگىيە مەيدانى» دىن ئىبارەت. ئا-ئىلە ئەخلاقى شۇ شەخسنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى قازىدىغان مېتىن قورالى، ئۆز تارىخىنى يازىدىغان قەلىمى، ئۆز ئوبرازىنى تاراشلايدى-غان ھەيكەلتىراش پىچىقى ھېسابلىنىدۇ. ھەركىم ئۆز ئەخلاقى ۋە پائالىيىتى بىلەن ھايات دېڭىزىغا يەلكەن سالىدۇ، ئائىلە ئېكىن-زارلىقىغا ئۇرۇق چاچىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىي - ئىندىۋىدۇئال ئەخلاق ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇ ئۆسكەن ۋە ئۇ باشقۇرغان ئائىلىدە ھازىر-لانغان بولىدۇ. ئائىلىدە تىكلەنگەن ئىزگۈ ئەخلاق - پەزىلەتنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بوران - چاپقۇنلىرى ئاسان نابۇت قىلالمىغان-دەك، ئائىلىدە «زاكىسىدىن تەگكەن» قەبىھ ئىللەتنى جەمئىيەتنىڭ تەربىيىسى ۋە قانۇننىڭ جازالىشى بىر يولىدا تۈزەپ كېتەلمەيدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئائىلە تۇنجى ئەخلاق ئوچىقى ۋە مەكتىپى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئەخلاقى تولىمۇ كونكرېت تېما. ئۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر، ھەر قايسى مەدەنىيەت تۈركۈملىرى، ھەر قايسى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئۈچۈن پۈتۈنلەي بىردەك ئەمەس، شۇنىڭدەك بۇنداق كونكرېتلىق ئىچىدە مۇئەييەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئورتاقلىقمۇ يوق ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە —ئىنسانىيەت ھېچقانداق ئىجتىمائىي تەشكىل ۋە تۈركۈم ئۇيۇشتۇرمىغان قەدىمكى زاماندا ئۇيۇشقان بىرىنچى ھەم تۈپلۈك تەشكىلات بولۇپ، قەبىلە ۋە ھاكىمىيەت تەشكىللىرى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا كېيىنچە تەدرىجىي ئىگە بولغان. بۇ بىزگە مۇنداق ھەقىقەتتىن دېرەك بېرىدۇ: ھەر بىر ئادەم، ئۇنىڭ ھېچبىر نەرسىسى بولمىغاندىمۇ مۇئەييەن ئائىلىگە باغلانغان بولۇشى، باشقىچە ئېيتقاندا ئائىلىسىز بولماسلىقى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ بىرىنچى ئوچىقى. ھەر بىر مىللەت، ئۇنىڭ ھېچبىر سىياسىي ۋە

ئىقتىسادىي تەشكىلى ياكى ئورگانلىرى سىستېمىسى بولمىغاندا-مۇ مۇئەييەن تىپتىكى ئائىلە سىستېمىسى، ئائىلىۋى تۇرمۇش (تۇتۇن) رىجىلىرى بولۇشى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە مىللىي - مەدەنىي تۇرمۇش بىلەن مىللىي ئىپتىخار روھىيىتىنىڭ بىرىنچى بۆلىقى ۋە زېمىنى. ئائىلىدە نادان، ھورۇن، قاشقاق ۋە چېچىلغان شەخس ياكى مىللەت نىجادىيەتتىن يىراقلا-شقان شەخس ۋە مىللەتتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە» دىن

ئائىلە — كۈچ، ماگنىت مەيدانى ۋە تۇتاشتۇرغۇچى رىشتە. ئائىلە خورۇچلىرىدا ئۇيۇل قىلغۇچى كۈچ بولمىغان، ئائىلە ئادەت قېلىپلىرى چۇۋۇلغان، ئائىلە پەقەت ھايۋاننىڭ كىرىپ چىقىدىغان، ئەۋلاد پەيدا قىلىدىغان ئىنى ھالىغا چۈشۈپ قالغان مىللەت نورمال مۇۋازىنەت ۋە ساغلام روھتىن مەھرۇم بولغان مىللەتتۇر. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قانداق بەختىيارلىق داستانلىرى ياراتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى پاجىئە پېرسوناژلىرىنىڭ نامزات-لىرىدۇر، خالاس. ئائىلەڭگە باق! ئەتراپىڭدىكى ئائىلىلەرگە قارا! ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى، مىللىتىڭنى ئىزدە! مانا بۇ ئائىلە مەسىلىسى-نىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرگۈچى ئەينەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە نوقۇل بىئولوگىيىلىك قوشۇلۇش ۋە نوپۇس ئىشلەپ چىقىرىش بىرلىكى خىزمىتىنى ئۆتەش بىلەنلا خاراكتېرلەنمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە» دىن

ھەر قانداق تىرىكچىلىك ۋە ئەمگەك تەشكىلىنى ئائىلە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە» دىن

ئائىلە — بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ باشلانغۇچ ياچېيكىسى، ئېلېمېنتار - كىچىكلىتىلگەن شەكلى، جانلىق ۋە كۆپ قىرلىق ھۆجەيرىسىدىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرى ئائىلە تۈزۈلمىسى، ئائىلە پائالىيىتى ۋە ئائىلە خىزمىتىدە بەلگىلىك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە» دىن

ئائىلە جىنسىي - بىئولوگىيىلىك ئامىلغا، ئىجتىمائىي (قانۇن، ئەخلاقىي ۋە ئىقتىسادىي) ئامىلغا، مەدەنىيەت (تەلىم، ئەقلىي - ئەخلاقىي مۇناسىۋەت، ئېتنىك ئەنئەنە) ئامىلىغا، تارىخ (پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش) ئامىلىغا ئىگە بولۇپ، بۇ تۆت ئامىلنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەندىلا مۇئەييەن تارىخىي شەكىلدە مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان؛ ئىككى جىنسنىڭ مۇھەببىتى ۋە نوپۇس قالدۇرۇشنى

ئىپتىدا قىلغان؛ قانۇن ۋە جامائەتچىلىك ئىتىراپ قىلغان؛ ئىج-تىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات مۇناسىۋەت تورىغا قاتناش-قان؛ ئائىلە شەكلىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سەھنىسىگە كىرگەن؛ بالىلار تەربىيىسى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئائىلە ئەخلاقىي فۇنك-سىيىلىرىنى ئۆتىگەن؛ مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋارىس-لىق قىلغان ئائىلە مەيدانىغا كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى تۆت ئامىل ۋە سەككىز شەرت ئاساسىدا ئائىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى ۋە ئى-زاھلىغىلى بولىدۇ. ھەربىر ئائىلە قۇرۇش قارارىغا كەلگەن ياش ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھازىرلىقلىرىنى ئەتراپلىق ئويلىنىشى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىرلىك شەكلى. ئائىلە — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەبئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىش-لەپچىقىرىش ۋە تەربىيىلەش تەرەپلىرىنى ھەمجەھەت قىلغان بىر-لىك تەشكىلى. ئائىلە — ئۆزىنىڭ تەبئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىككى جەھەتلىمىلىكى، ئائىلە ئىچى ۋە ئائىلە سىرتىدىكى ئىجتىمائىي - مەنىۋى ئالاقە تورى بويىچە تىرىكچىلىك ھەم تۆھپىكارلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغان تۇرمۇش بىرلىكى. ئائىلە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالامەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا ئۆز خىزمىتى - فۇنكى-سىيىسى (ئىقتىدارى) ۋە رولىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئالامەتلەر بىر پۈتۈن بولمىغاندا ئائىلە ئۆز خىزمىتىدە ئاقسايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئىككى جىنس قوشۇلۇشى، ئىككى جىنس ئاساسىدا نەسىل قالدۇرۇش، ئىككى قوشۇلغان جىنسنىڭ باشقا يات جىنسلاردىن كۆڭلەش روھىيىتى، ئەركەكنىڭ ئۇرغاچىنى باشقۇرۇش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش تۇيغۇسى، نەسىل ـ ئەۋلادىنى كۆتۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىش تەقسىمات پەرقلىرى، ئەركەكنىڭ جىنسىي پائالىيەتچانلىقى، ئەركەكنىڭ ئۇرغاچى ۋە تۇركۇمىنى قوغداش يولىدا ھەتتا قۇربان بېرىشى قاتارلىقلاردا ئىنسان ئائىلە ئېگىز بىلەن يۇقىرى دەرىجىدىكى ھايۋان تۇركۇملىرىدە بىر قاتار ئوخشاشلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئىككى جىنسنىڭ ھايۋانات تۇرلىرى شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئىنسان شەكلىدە قوشۇلۇشى، ئۆز نەسلىنى ئىجتىمائىي ئىنسانغا خاس جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيەتلىك كىشى قىلىپ تەربىيىلىشى، جەمئىيەت تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا تىرىكچىلىك ۋە تۆھپىكارلىق بىلەن شوغۇللىنىشىنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ـ مەدەنىي ئالامىتى قىلغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە — ھەقىقىي مەنىسىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇيۇمى-
دىن ئىبارەت. ھەر بىر كىشىنىڭ ئائىلە چۈشەنچىسى ئۇنىڭ قانداق
جىنسىي قوشۇلۇش تەلپۈنۈشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ
قانداق ئائىلە قۇرۇش غايىسى ۋە ئائىلىنى قانداق قۇرۇش ۋاستى-
لىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي قىممى-
تى ئۇنىڭ قانداق ھايۋانلىققىمۇ ئورتاق تۇرمۇش شەرتلىرىنى ئادا
قىلغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت
چۈشەنچىسى بىلەن، ئۇنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، بولۇپمۇ
ئەقلىي، ئىلمىي، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىكىلىق تۈزۈلمىسى بىلەن،
ئۇنىڭ ئائىلە ئىچى ۋە ئائىلە بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى ماددىي ۋە
مەنىۋى مۇناسىۋەت گارمونىيىسى بىلەن باھالىنىدۇ. ئائىلىدىن
چىققان مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە شەرەپ كەلتۈرۈشى بۇ
پەۋقۇلئاددە ئائىلە شۆھرىتىنى ھاسىل قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ بىر قاتار
ئائىلىۋى نۇقسانلارنى ياپىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ئائىلە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت
جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىلەن ھەر خىل ۋاستىلەر
ئارقىلىق مەنىۋى ئالاقە - ئۇچۇر ئورناتقان بولىدۇ. ئەپسانە،
رىۋايەت، كىتاب، تېلېۋىزىيە، مەكتەپ، تەرغىبات ئۇنىڭ مۇھىم

ۋاستىلىرىدۇر. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى، ئۇ ئۆزى تۇرغان مەھەللە، شەھەر ياكى يېزا، ئۆلكە ۋە دۆلەتنىڭ قوغدىلىشى، مۇھىت ئاسراش، ئاپەتتىن خالىي بولۇشتىن تاكى خىزمەت، ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش، بازار تەمىنلىشى، مائارىپ، سەھىيە، ھاكىمىيەتچىلىك، قانۇن - تەرتىپ قاتارلىق تۈپلۈك ۋە دائىمىي ئىجتىمائىي ھەرىكەت جەريانلىرىدىن بىر مىنۇتمۇ خالىي بولالمايدۇ. ئائىلىنى ئۇ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن شارائىتلار مۇجەسسەمى تىزگىنلەيدۇ. ئائىلە جامائەتچىلىكنىڭ بىر قىسمى، ئۇ ئۆزىگە ئالاقىدار قوشنا، تۇغقان ھەم كەسىپ، چۆپقەت، دوست - يار، قۇدا - باجا، ھەر خىل نۇقتىلار بويىچە ئىجتىمائىي ئالاقە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئالاقىلارنىڭ ئۆلچىمى خىزمەت ياكى بازار مۇئامىلىسىدىكىدەك ئىش - ئەمگەك مىقدارى ياكى پۇل بىلەن، ياكى ئىنتىزام - قانۇن بىلەن ئەمەس، ئاساسلىقى جامائەتچىلىك پىكرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك كىشىلەردە بۇ جەھەتتىكى سەزگۈرلۈك كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ئائىلە مۇئەييەن ئىقتىدار زۆرۈرىيەتلىرىسىز مەيدانغا كەلمەيدۇ. مۇئەييەن ئىقتىدارنى ئادا قىلمىغان ئائىلىمۇ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى يوقاتقان ئائىلىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىنىڭ ئىقتىدارى ھەر قايسى ئائىلە شەكىللىرىدە، ھەر قايسى مىللەت، دۆلەت ۋە تارىخىي ھالەتلەردە پۈتۈنلەي بىردەكمۇ بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئىقتىدارى — ئائىلىنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئۇنىڭ پائالىيەت ئۇچۇرى ۋە ئائىلىنىڭ كونكرېت ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە جىنسىي مۇھەببەت پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي بەرقارار ۋە ئومۇم ئېتىراپ شەكلى بولۇپ، جىنسىي مۇھەببەتنى تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە نىكاھتىن باشلىنىدىغان جىنسىي ئىقتىدارنى فىزىئولوگىيىلىك يېتىلىش، مۇھەببەت، ساداقەت ۋە نىكاھلىق جىنسىي تۇرمۇش سەنئىتى ئارقىلىق داۋاملاشتۇرىدۇ.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىدىكى جىنسىي پەرق ۋە مۇناسىۋەت بىئولوگىيىلىك

جىنسىي مۇھەببەتتىن تاشقىرى يەنە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىق بىلەن ئائىلىنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە» دىن

ئائىلە ھەمكارلىقى، ئەرنىڭ ئايالغا مەنپەئەتلىك ئىشلارنى بېرىشى؛ ئايالنىڭ ئەرنى ئائىلە ئىچى - سىرتىدا قەدىرلىشى، ئۇنى ھەر قانچە نۇقسانلىرى بولغاندىمۇ قەلبىدىكى يېگانە شۆھرەت چېرىغى ۋە ئەقىدە مۇنبىرىگە قويۇپ كېلىشى ئائىلىدىكى جىنسىي ئىش تەقسىماتىنىڭ نوقۇل ئەمگەك تەقسىماتى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە» دىن

ئائىلە —پەرزەنت دەرگاھىدىن ئىبارەت. ھەر بىر كىشى جىنسىي زەنجىرىگە چېتىلغان مەلۇم كىشىنىڭ پەرزەنتىدۇر. بۇنداق پەرزەنت، بۇنداق كىشى يەنە مەلۇم جەمئىيەتنىڭ بىر جىنسىي ھۇجەيرىسى ۋە ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىكىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە» دىن



ئائىلە يالغۇز ئۆز نەسلىنىڭ، ئۆز مىللىتى ئەۋلادلىرىنىڭ تۆرىلىش، تۇغۇلۇش ئۇقتىسىدىكى مۇقەددەس ماكان بولۇپ قالماي، يەنە يېڭى ئەۋلادنىڭ بىرىنچى مائارىپ ئوچىقى، بىرىنچى تەربىيە

مەكتىپى. ئائىلىدە پەرزەنت بەدەن ۋە ھۆسن تۈزىدۇ، يورۇش ـ تو-
رۇشنى ئۆگىنىدۇ، مىللىي تىلنى ئىگىلەيدۇ، ئەقىل تاپىدۇ ۋە
قەلب خەزىنىسى بولغان ئەخلاق ئېڭى ۋە پەزىلەت ئادەتلىرىنى
يېتىلدۈرىدۇ. دەرۋەقە، ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئائىلە مۇھىتىنىڭ تە-
سىرىدە پەرزەنت ئىجابىي ياكى سەلبىي تىپتىكى كىشى بولۇپ
چىقىشى مۇمكىن. ئائىلىدىن ئۇلۇغ دانىشمەنلەر، ئىختىراچىلار،
قەھرىمانلار ۋە سەنئەت ئەربابلىرى چىقىشى مۇمكىن، ئوخشاشلا
ئائىلىدىن قاباھەتلىك گېزەندىلەر، جامائەت جىنايەتكارلىرى، مىل-
لەت ساتقۇنلىرى چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئەڭ خەتەرلىكى، ئەر-
زىمىگەن، تەنتەك، ھاماقەت، ھورۇن، لايغەزەل ئەۋلادنىڭ پەيدا بولۇ-
شىدۇر. چۈنكى، نۇرانە ياكى قاباھەتتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا
نىسبەتەن بۇنداق ئەرزىمەس ئەۋلاد مىللەت قەدرىنى يەرگە كۆپرەك
ئۇرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئىجادىي ئەمگەك ۋە تۆھپىكارلىق ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ
ئائىلىنىڭ جەمئىيەتنىڭ پائال ئىشلەپچىقىرىش ھۆجەيرىسى بو-
لۇش قىممىتىدىكى ئاساسىي ھالقا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئۆز ئائىلىسىنىڭ جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش غورۇرىنى

سېزىش، بۇرچىنى ئادا قىلىش ئائىلىنىڭ دائىمىي دىققەت مەركىزى ھېسابلىنىشى لازىم. بىلىش لازىمكى، «ئائىلە شىلىپىت ئالغۇچى» ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى «ھەدىيە قىلغۇچى» بولۇشى لازىم. بۇ، ئائىلە بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا سالغان «فوندى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئىستېمال، تېجەش ۋە مەئىشەت بىرلىكى بولۇپ، ئىنسان تىرىكچىلىك ھالاۋەتلىرىنى تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئائىلە كىرىم قىلىدۇ، چىقىم قىلىدۇ، ماددىي تەمىنلەش (مۇھىمى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرار جاي ۋە باشقا خىراجەت قاتارلىقلارنى) ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ، كىرىم ـ چىقىم بىلەن تەمىنلەنىشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئاقىلانىلەشتۈرۈش، گارمونىيىلەشتۈرۈش، مەنىلىك ۋە ھالاۋەتلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پىلان تۈزىدۇ. بۇ يەردە سەرپىيات بىلەن تېجەش، مەئىشەت بىلەن پاراۋانلىق توغرا ھەل قىلىنىشى لازىم. سەرپىياتنى تېجەش بولۇپمۇ ئاياللار جىددىي تەشەببۇس قىلىشى لازىم بولغان نۇقتا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

مەئىشەت بىلەن پاراۋانلىق ئىككى نەرسە. ئائىلىدە تەق بولغان ماددىي مەئىشەتتىن ئۆز لايىقىدا لەززەتلىنىشنى بىلمەيدىغان،

كېلەڭسىز، سەنئەتسىز، مەنىسىز ئائىلىلەرمۇ بار. ۋەھالەنكى، چېۋەر ئائىلە باشقۇرغۇچىلار ئازغىنە مەئىشەتنى شېرىن ھالاۋەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. ئائىلىنىڭ ئومۇمەن بايرام، تۇغۇلغان كۈن ۋە ئادەتتىكى كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆيۈشتۇرۇش ئائىلىنىڭ ئىستېمال، تېجەش (ھەتتا جەمغۇرلاش) ۋە مەئىشەت ئىقتىدارىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. دائىمىي چېكىملىك، ئىچكۈلۈككە بېرىلىش، قىمار، زەربىدار چىقىم ۋە باشقىلار ئائىلىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى بولماي، ئەكسىچە، ئائىلىگە پاراكەندە كەلتۈرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىنىڭ كۈتۈش ۋە غەمخورلۇق ئىقتىدارى بولىدۇ. ئائىلە بالىلار، ئاتا ـ ئانىلار، پېشقەدەملەرنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش، ياشانغانلارنى ھەر جەھەتلىمە قەدىرلەش ۋە كۈتۈش، پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش ۋە ئائىلىلىك قىلىش جەھەتتە بۇرچقا ۋە ئىقتىدارغا ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ئائىلە تاشقى ئالاقە ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ ئائىلىنىڭ دوستلىشىش ۋە باشقا جامائەتچىلىك ئالاقە تورى تىكلەش، ئۇلارنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى داۋاملاشتۇرماسلىق جەھەتتىكى ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئائىلە ئىجتىمائىي كاتېگورىيە بولۇشى بىلەن ئۇ گىنېتىك ئىلمىلىك مەنبەگە ئىگە تارىخىي كاتېگورىيە ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە —كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت بولۇشى بىلەن بىللە ئائىلىۋى تۇرمۇش ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى داۋامىدا ئىنسان تۈركۈملىرى تەدرىجىي ئائىلە شەكلىدىكى نىكاھ ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى، بۇ ماھىيەتتە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا باشلامچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە جەمئىيەت شەكلىدە، جەمئىيەت ئائىلە شەكلىدە مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسلىق دەرگاھقا ئايلاندى. بۇنداق جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ھەممىلا جايدا، ھەممىدىن ئىلگىرى ئېتنولوگىيىلىك ـ مىللەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت بولۇپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى، ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بىلەن بولغان بىۋاستە ۋە دائىمىي مۇناسىۋىتى، ئائىلە ساپاسى، ئائىلە ئىقتىدارى ۋە ئائىلە شۆھرىتىنىڭ پۇتكۇل جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى قىياپىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى مەسىلىسى ئائىلە توغرىسىدىكى ئەتراپلىق ئىلمىي قاراشنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ، ئائىلىنى جەمئىيەتتىن، مەدەنىيەتتىن ئۈزۈۋېلىپ، نوقۇل جىنسىيەت، نوقۇل جىنسىي خاھىش ئارقىلىق ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ قاراشلىرىنى بىز بۇ تۇيكى، ئىلمىي ئائىلە قارىشىغا بىر قۇر سېلىشتۇساقلا، ئۇ خىل قارارنىڭ چاكىنا، يۈزەكى، بىر تەرەپلىمە، سۇبيېكتىۋىزملىق نۇقسانلىرىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئىككى قاراشنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئىنتايىن مۇھىم مەرىپەتچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

53

ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئۆزى بىر مەدەنىيەت تارىخىي ھادىسىسى ئىدى. ئائىلىنىڭ راۋاجلىنىشى، شەكىل ـ ھالەتلىرى، تۈزۈلمە ۋە مۇناسىۋەت تىپلىرىمۇ ماھىيەتتە مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت. بۇ بىزگە، ئائىلە ۋە ئۇنىڭ كامىل شەكلى، ئائىلىۋى مۇھەببەت ۋە بەخت تېگى ـ تەكتىدىن يەنىلا ئائىلە

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىدىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئائىلىنى تۈزەشتىكى تۈپكى مەدەنىيەتنىڭ ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە مىللىي تىپتىكى ئىنسان تۈركۈمى، مىللىي تىپتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بۆلىقىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە — غايەت چوڭ ئىجتىمائىي كۈچ. ئائىلە — غايەت چوڭ ئېتنولوگىيىلىك ئاساسىي قاتلام ئۇيۇشما.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە — مىللەتنىڭ ھۈجەيرىسى. ئۇ مىللەتنى تەشكىل قىلغان تىلنىڭ بىرىنچى بۆلىقى. ئۇ مىللەتنىڭ پسىخىك مەدەنىيەت ـ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى بۆشۈكى. ئۇ مىللەتنىڭ ماكان تۈركۈمىنىڭ بىرىنچى ئاتلاسى ۋە سخېمىسى. ئۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئورتاقلىقىنىڭ بىرىنچى ھالقىسى.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كاتېگورىيە ئالامەتلىرىگە ئىگە بولغان ئائىلە يەنە غايەت چوڭ مىللىي مەدەنىيەت بازىسىدىن

ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە بىلەن مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ئائىلە بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى دەۋر قىلىش ئوقى قىلغان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ماددىي مەدەنىيەت تارىخى ئائىلىلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئېتنولوگىيىلىك تەسىرىدە ئېتنىك مەدەنىيەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخمۇ ئائىلىلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئېتنولوگىيىلىك تەسىرىدە ئېتنىك مەدەنىيەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان. تىل، تىل ئائىلىسى ۋە سىستېمىلىرى، تامغا ۋە ھەرپىسىمان ئالامەتلەر، ئانىمىزم، ئەۋلاد ئېتىقادچىلىقى، توتېمىزم، ئېپتىدائىي دىنىي، تېبىبىي، ھاۋارايى، يۇلتۇز، چۈش كۆرۈش، تۇغۇلماق، مۇخ (مەرسىيە) قاراشلىرى بىلەن ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرمۇ ئائىلىلەر تۈركۈملىرى ھاسىل قىلغان ئىنسان گۇرۇھلىرىنى بىرلىك چەمبەر قىلغان. بۇنىڭدا ئەجدادلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنىڭ نامىنى مۇئەككەل، شامان، ئىلاھ بىلىش، جىنسىي

ئېتىقادقا بولغان ئىشەنچ، فامىلە ـ نەسەب ـ سۆڭەك سۈرۈشتۈرۈش، مۇزىكا ـ ناخشا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىر ـ سەيلە ـ مۇراسىم پائالىيەتلىرىمۇ كۆچلۈك مىللىيلىقا ئىگە فولكلور ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بۆلىقى، بۆشۈكى، سەھنىسى ۋە قورغىنىدىن ئىبارەت. ئائىلىلەر مۇئەييەن خاس مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. ئۇنىڭدا شۇ مىللەت نوپۇسى يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۆز مىللىتىگە خاس مىللىي تىل ـ يېزىق، ئۆي ـ روزغار تۇتۇش، قائىدە ـ يوسۇن، مىجەز ـ خۇلق، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت خۇمارلىقى بىلەن ئۆز مىللىتى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ، گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا تارىختا كۆپلىگەن مىللىي مەدەنىيەت ئەربابلىرى، مىللىي سەنئەت مەشھۇر كىشىلىرى ۋە مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ھەربىر ئائىلىنىڭ ساپاسى مىللەتنىڭ رېئال ساپاسى، مۇجەسسەم ئىقتىدارى (ھەر خىل ئىقتىدارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى) تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەلۇم تارىخىي دەۋردە ھېچكىمنىڭ ساپاسى، قەدىرلىنىشى، بايلىقى، مەنسەپ دەرىجىسى، شۆھرىتى

ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ساپاسى ۋە مۇجەسسەم ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەر كىم ئۆز بەختى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى تەۋە بولغان ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئىجتىمائىي مۇمكىنلىكلىرىدىن ھالقىغان ھالدا خىيال قىلىشقا بېرىلسە، ئۇ خام خىيالچى بولۇپ قالىدۇ. شەخسنىڭ (جۈملىدىن ئائىلىنىڭ) تەقدىرى ئاخىرقى ھېسابتا مىللەت تەقدىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ساپا-سى، مۇجەسسەم ئىقتىدارى ۋە كامالىتى ئۆز مىللىتىنىڭ ساپا-سىغا، مەنىۋى كامالىتىگە، قەدىر - قىممىتى، شۆھرىتى ۋە تەقدى-رىگە مۇئەييەن (ھەممە ئائىلىلەرنىڭ بولغاندا مۇتلەق) تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىلەرنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسىگە كۆرسىتى-دىغان تەسىرى مەسىلىسى ئاچلىق، مىللىي تۈركۈم ئېڭىغا ئىگە، تارىخىي جاۋابكارلىق ۋە تارىخىي بىناكارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە ھەر بىر ئەر - ئايالنىڭ قەلبىدىكى دائىم يورۇق ماۋزۇ بولمىقى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىنى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بوستانلىقىغا ئايلاندۇرۇشتا ئاتىنىڭ رولىنى، مەكتەپ مائارىپىنىڭ رولىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

جامائەتچىلىكنىڭ —مەشرەپ، نەشر ـ ئەپكار، جامائەت پىكرىنىڭ رولىنى كەم ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە تىپى بىلەن ھەر خىل تىپتىكى ئائىلىلەردىكى ئائىلە ئىچىدىكى مۇناسىۋەت تىپى ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالىغا زىچ تۇتاشقان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

چوڭ ئائىلىلەر مۇرەككەپ تۈزۈلمىگە ئىگە. ھەر بىر قاتلام-نىڭ ئىقتىسادىي ھەل قىلغۇچ كۈچى ۋە ئۇلارنىڭ پىكرى قىلىپ-لىرىدا دەۋر پەرقلىرى ۋە مەدەنىيەت، تۇرمۇش تەجرىبە پەرقلىرى بولىدۇ. چوڭ ئائىلىلەرنىڭ ھەر قايسى قاتلام ۋە ئەزالىرى ئوتتۇرى-سىدىكى مۇناسىۋەت ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىدە ئورتاقلىق ۋە ئالاھى-دىلىكلەر بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە نۇرانە مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق بارگاھىدىن ئىبارەتتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت، كىچىكلىتىلگەن مۇنا-سىۋەت تورى، كىچىكلىتىلگەن ئەخلاقىي مەدەنىيەت قورغىنى.

بۇنىڭدا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەر ـ ئاياللىنىڭ ئۆز ئارا ۋە باشقىلارغا قاراتقان مۇناسىۋىتىنىڭ مەدەنىيەت تىپى گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. روشەنكى، ئائىلىۋى مۇناسىۋەت تىپى ماھىيەتتە ئائىلە مەدەنىيەت تىپىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دېموكراتىك كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى تەرغىب قىلىنىدىغان ياكى مەۋجۇت بولغان، ئۈستۈنلۈك ئالغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىمۇ ئائىلىدە ھاكىممۇتلەقلىق قاراشلىرى، ئۆلچەملىرى، ئىستىلى ساقلانغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ئوخشاشلا، ھاكىممۇتلەق كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى مۇھىتىدىمۇ ئىنسانپەرۋەر ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر ساقلانغان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى دېموكراتىك ياكى ھاكىممۇتلەق تىپ ئىچكى سەۋەب ياكى ئىچكى ئامىل نۇقتىسىدىن ئائىلىنىڭ ئاتاقتىكى ياكى ئەمەلىي ئىش باشقۇرۇشتىكى ئائىلە باشلىقى ياكى خوجىدارنىڭ كىشىلىك قارىشى، ئىرادە تۈزۈلمىسى، پىكىر قىلىش خاراكتېرى، مۇئامىلە ئىستىلىگە باغلىق بولىدۇ. ئومۇمەن، ئۆز نەزەر دائىرىسى، ئۆز نەزىرىدىكى مودېل، ئوبراز، ئۆزى كۈتكەن تەلەپ بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنى بىر نۇقتىغا مۇتلەق بويسۇندۇرۇشقا

uyghurkitap.com

ئۆرۈنۈش، بولۇپمۇ ئائىلىدىكى كېلىن، كۈيئوغۇل، ئاسراندى بالىلار، ئاجىز قېيناتا ـ قېينانىلارنى سوغۇق مۇناسىۋەت ئوبيېكتى قىلىش ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى ھاكىممۇتلەقلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەكسى ھالدا ئۆز تەلىپى بىلەن ئۆزگىلەرنىڭ ئورۇندىشى ئارىلىقىدىكى يېتەرسىزلىككە تاقەت قىلىش، ئاستا ـ ئاستا ئىلھام بېرىش، ھەر خىل پىكىر، كۆڭۈللەرگە رەھىمدىللىك بىلەن قولاق سېلىش، تەشەببۇسكارلىق، قارشى پىكىرلەرنى ئاڭلاش، ئىجابىي تەرەپلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈش، رىغبەتچان ۋە ئەپۇچانلىقنى بىرلەشتۈرۈش ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى دېموكراتىك ئىستىل ۋە روھ ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى ھاكىممۇتلەق تىپنىڭ ھەممىسى ئەرنىڭ ئايالغا ياكى ئايالنىڭ ئەرگە قارىتا غەيرىي دېموكراتىك مۇئامىلە بولۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا ئەر ـ ئايال بىرلىشىپ ئائىلىدىكى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى بولغان كۈيئوغۇل، كېلىن ۋە ئاسراندى، ئۆگەي پەرزەنت قەبى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى يىراق بولغان يۇقىرىدىكىدەك ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېتىبارسىزلىق قىلىشىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ئەركەك ياكى ئايال ھاكىممۇتلەق ئارقىلىق پاترىئارخات زوراۋان ياكى ماترىئارخات

زوراۋانغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ھەر ئىككى ھالەت ئۇلارغا ۋە ئائىلىگە بەخت كەلتۈرمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە — كېمە، ئۇ. مۇھەببەت — دائىمىي قىزغىنلىق پەرۋىشىدىن ئىبارەت. پەقەت كېمىگە ئارقىلىق مۇھەببەتلىك ئائىلە ئۇلىنى چىڭىتىش مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئېيتىش كېرەككى، ئوقۇمۇشلۇق، ئادىل، كۆكسى - قارنى كەڭ ئەرلەر - ئاياللار ئائىلىنى ئۆلگىلىك ئۆلچەم بويىچە مەركەز- لىك باشقۇرىدۇ، دېموكراتىيە نامىدا يۈز بېرىدىغان پاتىپاراقچىلىق، باشباشتاقلىق ۋە ئەدەپ - ئەخلاقسىزلىققا يول قويمايدۇ. ئۇلار يەنە مۇنداق ئائىلە تۇتۇش ئۆلچەملىرىنى بىر قاتار ئىدىيىۋى، پسىخىك ۋە سەنئەت چېۋەرلىكلىرى بويىچە، ھەممىنى رازى قىلىدىغان، ئا- ئىلە ئەزالىرىنى كامالەتكە يېتەكلەيدىغان قىلىپ باشقۇرىدۇ. بۇنداق ئائىلىدىن نادىر پەرزەنتلەر تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

چوڭ ئائىلىلەر ئىچىدىكى كىچىك ئائىلىلەر، ھەتتا چوڭ ئا- ئىلىلەردىن ئايرىلىپ چىققان يېڭى كىچىك ئائىلىلەر مەيلى ئىق- تىسادىي شەرت ياكى ئائىلىۋى ئەخلاق، رىشتە تۇيغۇسى يەنىلا چوڭ

www.uyghurkitap.com

ئائىلىگە يۆلەنگەن بولىدۇ. بۇ نورمال، ساغلام ھادىسە. ئوخشاشلا بىر قانچە مۇستەقىل كىچىك ئائىلىلەر نامدا چوڭ ئائىلە دەپ ئاتالغان ئىقتىسادىي يۆلەنچىسى ئاجىز ئاتا ـ ئانىلار ئائىلىسىنى مادىدىي ۋە پەرزەنتلىك رىشتى، ئەخلاقىي جەھەتتە تەمىنلەيدۇ، يۆلەيدۇ. بۇمۇ نورمال ۋە ساغلام ھادىسە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئومۇمەن ئائىلىدە ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتى قىزغىن، راۋان داۋام قىلىۋاتقان ئائىلىلەر ئىناق مۇناسىۋەتتىكى ئائىلە دېيىلىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەر ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق، مۇھەببەت، ساداقەت، قىزغىنلىق، ئائىلە سەنئىتى، شېئىرىي تۈس ئالغان بولىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردە ئاساسەن ئائىلىۋى زىرىكەرلىك، سۇسلۇق بولمايدۇ. بۇنداق ئائىلىلەر روھىيەت جەھەتتىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئوچۇق ـ ئاشكارا، پىلانچان، تېجەشلىك بولىدۇ. باللار تۇرمۇشىمۇ ئىللىق مۇھىتتا قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتىدۇ.

ئەكسى ھالدا ئائىلىۋى مۇناسىۋەت رىشتىسى سۇسلاشقان، قىزغىن، ئىناقلىق سوۋۇغان، زىرىكىش ۋە دەرگۇمانلىق ئۇستۇن ئالغان، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ئۆزى بىلگىنىچە گۇمانىي پەرەز قىلىپ تۇرىدىغان، پات ـ پات يەڭگىل غىدىرلىدىشىپ قالىدىغان ئائىلىلەر بولىدۇ. بۇ خىل ئائىلىلەر تەشكىللىنىشتىن باشلاپلا شۇنداق بولۇشى ياكى كېيىنچە

ئىناقلىقتىن سوۋۇپ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئائىلىۋى تۇرمۇش ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن، ماھىيىتى ياخشى، مەرىپەتلىك ئائىلىلەر ئۆز ئائىلىسى تارىخىدا يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ، گۇمانلارنى يېشىپ، ئىغۋالارنى رەت قىلىپ ئىناق، ھەتتا مۇھىم ساۋاقلار ئالغانلىقى تۈپەيلى تېخىمۇ ئىناق ئائىلىگە ئايلىنىشقا قادىر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆز قەلبىدە مەنىۋى ھەمكارلىقنىڭ بول-ماسلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ توسقۇنلۇققا ئايلىنىشى ياكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرسىدىكى مەنىۋى ھەمكارلىق خاھىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇمكىنلىك ۋە ئىشەنچىنىڭ بولماسلىقى، ئۇنىڭ رەت قىلىنىشىنى ئائىلىدە ساغلام، نورمال مۇناسىۋەت رىشتىنى سۇس-لاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مىڭلىغان - مىليونلىغان مىساللار - ھادىسىلەر بىردەك ئىسپاتلىغان ماھىـ-يەتلىك سەۋەبتۇر.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئۆي روزغارلىرىنى سەنئەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇش، مۇزىكا ئاڭلاش، سۆھبەتلىشىش، مېھمان چاقىرىش ۋە مېھمانغا بېرىش، سەيلە - ساياھەت قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئائىلىدە قەلب

ھەمجەھەتلىكىنى كۆچەيتكۈچى سەنئەت جۇملىسىگە كىرىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى ئىلگىرىكى يېزىشقان خەتلەرنى ئوقۇش، سۈرەت ئالبوملىرىنى قايتا كۆرۈش، سۈرەتكە چۈشۈش، ئىلگىرىكى نەۋرىلەر ھەققىدىكى كۆڭۈللۈك پاراڭلار، بىر - بىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى، ئاددىيسى شۇ كۈنكى تاماقنى تىلغا ئېلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېستېتىك زوق ۋە ئەخلاق قىممىتىگە ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە مىللەتنىڭ مۇقەددەس قورغىنى. ئۇ مىللەتنىڭ ياتلىشىپ كېتىشىنى، تىل - يېزىقىنى ئۇنتۇشىنى، ئادەت ۋە ئەنئەنىسىنى تاشلىۋېتىشىنى، تەلىم ۋە مەدەنىيەتتە تۇتۇرۇقسىز بولۇپ قېلىشىنى توسۇيدىغان ئۇلۇغ مۇرەببىي. ئائىلە - مۇھەببەت ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدىغان، غايەت زور تارىخىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان ئېتنىك ئىجتىمائىي قاتلام، مۇھەببەت گۈلى ئاقىلانە، مەدەنىيەتلىك ئائىلە بېغىدىلا ئېچىلىشى، مېۋىلىشى مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ئائىلە نىكاھ مەھسۇلى. مۇھەببەتنىڭ بەرقارار تېپىشى، شۇنىڭدەك، ئۇ مۇھەببەتنىڭ پەرۋىشگاھى ھەم سىنايدىغان دەرگاھتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىدە ئەركەك زاتىنىڭ بۈيۈك مۇرەببىي ئۇنىڭ خوتۇنى بولغىنىدەك، ئايالنىڭ كۆڭۈل ئارامى ئۇنىڭ ئېرىدىن ئىبارەت. «ئۆز ئېرىنىڭ پىكىر ـ خىيالىدىن بىگانە ئايال مىسالى ئويناش» (گېرتسېن) بولغاندەك، ئۆز خوتۇنىنىڭ ئايال كىشىگە خاس كۆڭۈل ئارامىنى چارلىمىغان ئەر خۇددى ياندۇرۇلمىغان چىراغدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئەركەك ئۈچۈن مۇرەككەپ دۇنياغا چىقىش ئالدىدىكى ئارامگاھ. نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرىدىغان شىپاخانا، ھىجراندىن ئۆزگە تەلپۈندۇرىدىغان ۋىسال قىرغىقى، ئۆمۈر بەخش ئۈمىد رەسەتگاھى، بوران ـ چاپقۇنلاردىن پاناھلىنىش ئورنى، مۈشكۈللۈك توپانلىرىغا تاقابىل نوھ كېمىسى، مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى دولقۇنلاندۇرىدىغان مەيخانا، خۇپىيانە سىرلارنى ساقلايدىغان ئالتۇن ساندۇق، مىللەت ۋە خەلققە رىشتە ۋە مەسئۇلىيەت باغلايدىغان مۇقەددەس قورغان، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئوبرازىنى پىلانلايدىغان لايىھە دەرگاھى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ئائىلە ئايال ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىلكىدىكى پلانېتىدۇر. ئايال ئۆز ئائىلىسىدە ئۆز ئېرىنىڭ يېڭى ھەيكىلىنى تاراشلايدۇ ۋە ئىزگۈ

ئارزۇلىرى ئارقىلىق تەڭرىدىن ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيدۇ، ئەينەككە قارايدۇ، تاكى ئۇ قېرىپ موماي بولۇپ كەتكەندىمۇ ئۇنىڭ ئىبرى ئۇنىڭ گۈزەللىككە تەلپۈنۈشىگە ئىلھامچى سېيما بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئەركەك ئايال جىسمىدىكى ئىككىنچى جان، ھەتتا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقا ئىلىپ كېلىش ئىقتىدارىدىكى جاندۇر. ئۇ قان ۋە تومۇردىلا ئەمەس، بەلكى پىكىر - خىيال، تەلپۈنۈش ۋە تەلمۈرۈش، ئاڭلاش ۋە نەزەر سېلىش، خۇشال ياكى ناشادلىقىدا ھەردەكەتلىنىپ تۇرىدىغان جاندۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە بەختىنىڭ مەركىزىي ئوقى بولغان ئايالنى چۆرىدىگەن ھالدا تۇرمۇش، خاراكتېر، مۇھەببەت، زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلىرى بىلەن تاۋلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە، مۇتلەق مەنىدە بەخت دەرگاھى ئەمەس. ئۇ، مەدەنىيەت ۋە ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاق ۋە سەنئەت بىلەن بىرلەشكەن مۇھەببەت ئاساسىدىلا بەخت گۈللىنىشى بولۇشى مۇمكىن.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە دۆلەت (سىنىپىي كۈرەش قورالى) ئەمەس، پارلامېنت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سايلىمى ياكى پاي چېكى رىقابىتى دەرگاھى ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

بىر جەمئىيەتتە ناھايىتى ئاز ساندا بولسىمۇ تۇرمۇشتا چىدىرىغەن، ئەخلاقىي قېلىپتىن چىققان ئەر ياكى ئاياللار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرىتىشى ۋە تەسىر قىلىشى بىلەن بۇنداق چۇشكۇنلەشكەن بەدەۋى كۆچلەر مەلۇم تۇركۇمنى شەكىللەندۈرىدۇ، بىر قاتار چىرىتىش، ئاداشتۇرۇش تەجرىبىلىرى، ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئەقەللىي ھايۋانىي جىنسىي خاھىش ياكى بىرەر ھوقۇق، نام ـ شۆھرەت، ئىقتىسادىي تاپاۋەت ياكى باشقا تۇرمۇش قولايلىقلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خاتىرجەم، ھەتتا ئاقدىل ئائىلىلەرگە قول سالىدۇ، ئۇلاردا يۇقۇملىنىشتەك ئائىلە ۋە مۇھەببەت كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ. ياخشى ۋە ئىپپەتلىك ئايالى تۇرۇپ، ئار ـ نومۇسنى تاشلاپ سىرتقا قارايدىغان ھالەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بىزار بولمايدىغان ئەرلەر، ياش ـ سەبىي قىزلارنى پۇل ۋە باشقا مەنپەئەتدارلىق بىلەن يولدىن ئاداشتۇرىدىغان ئەرلەر بىلەن ئېرى ۋە پەرزەنتلىرى تۇرۇپ، بىر ھەتتا بىر قانچە ئەركەك بىلەن يولسىز، ئەخلاقسىز مۇناسىۋەتتە بولىدىغان ئاياللار، ھەتتا بۇ جەھەتتە تۇركۇملىشىۋالغان ئاياللار پۈتۈن مىللەتنىڭ روناق تېپىشىدىكى مۇقەددەس قورغان — ئائىلىنى بۇزغۇچى ئىجتىمائىي جىنايەتكارلار بولۇپ، ئۇلار ئاتالمىش «جىنسىيەت ئەركىنلىكى» كۆنلۈكىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇھاپىزەت قىلىنماستىن، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە پۈتۈن مىللەت تەرەپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىشى، تازىلىنىشى لازىم. بۇ ئاساسى خەۋپ — تۆپ كۆشەندە تازىلانمىسا، ئائىلە روھىيىتى خاتىرجەم، ئائىلە مۇھەببىتى سادىق كاپالەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە مۇھەببىتىنى پەرۋىش قىلىشنىڭ مىللەت ۋە مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنى چوڭ. يېتىملار، ئۆگەيچىلىك، قايتا ياكى تەكرار نىكاھلىنىش قەلب گۈلزارىنى بۇزىدۇ، پەرزەنتلەردە كۆلپەتلىك تەسىر قالدۇرىدۇ، مەنىۋى قىياپەت بۇلغىنىدۇ.

ئائىلە مۇھەببىتىنى پەرۋىش قىلىشنىڭ يولى ئائىلىنى غەپلەتتە، نادانلىقتا، ئاسارەتتە تۇتۇش بولماستىن، ئائىلە مەدەنىيىتى، مۇھەببەت مەدەنىيىتى چۈشەنچىلىرىنى ئېچىش ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ھەر ئىككى تەرەپ قىزغىنلىق كۆرسىتىش.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە — ھۇجەيرە، ئۇ يېگانە ئەمەس، بەلكى باشقا ئائىلىلەر تۈركۈملىرى ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەت گەۋدىسىگە باغلىنىدۇ.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئىنساننىڭ تۇنجى زاكىسى، ئۆمۈرلۈك تىنىقى، ئاخىرقى يادىكارى، خاتىرە مۇزېيى، ئەۋلاد چەشمىسى. ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز

روھىيىتىنى ۋە تۇرمۇشى ئۇچۇن ئائىلىنى ياراتقان، ئۇنىڭغا جىسمىنى، روھىيىتى، قېنىنى، ئەمگىكىنى، مۇھەببىتىنى، ئۇ. مىدنى باغلىغان. ئائىلە ئىنساننىڭ ئۆزلۈك ( 自我 ) دۇنياسى سۇپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ ئانا قارنى — ئومايدىن كېيىنكى ئىككىنچى، ئەمما ئۆمۈرلۈك ئوماي.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئىنسان تۈركۈمى ھېسابلانغان مىللەتنىڭ مىللىيەت. لىك مەۋجۇتلۇق بىرلىكى، نەسىل ـ نوپۇس بۇلىقى، مىللىي رو. ھىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەت ھۇجەيرىسى، مىللەتنىڭ زەبۇنلۇقتا بۇرۇقتۇرما بولۇۋاتقانلىقى ياكى تەرەققىيات بوبلاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەقىقىي «جاھاننەما» ئەينەك. بىر مىللەت ئۇچۇن، ئۇنىڭ سان ـ ساپاسى، مەدەنىيەت دەرىجىسى، ئىقتىدار جۇغلانمى. سى، رىقابەت قۇدرىتى، كەلگۈسى بېشارىتى ئائىلىلەردىن، ئائىلىلەر ئارقىلىق، ئائىلىلەر بىلەن جۇغلىنىدۇ. ھەر بىر مۇتەپەككۇر، جا. مائەت ئەربابى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر دىققىتىنى ئۆز خەلقىنىڭ ئا. ئىلىدىكى كامالەت شەكلىگە قاراتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

بەخت —كىشىلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇش مۇھىتى، تۇرمۇش ئار. زۇسى چەكلىمىسى ئىچىدىكى رازىمەنلىكى، دەپ قارالغاندا،

ئىپتىدائىي ئىنسان بىلەن ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ ئۆز تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش ئارزۇسى چەكلىمىسى ئىچىدە زارىمەنلىكى ھېس قىلغان بەختىيار ئائىلىنى كۆپلەپ تېپىش مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە نوقۇل شەخسىي تۇرمۇش كاتېگورىيىسى ئەمەس. ئۇ ھەر قايسى مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت تېپىدىكى، بۇ مەدەنىيەت تىپىگە يۈلەنگەن، بۇ مەدەنىيەت تىپىگە تەسىر قىلىدىغان بىر ھالقا. ئائىلە توغرىسىدا توختالغاندا ئائىلىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تىپىدىن ھالقىغان ھالدا باشقا مەدەنىيەت تىپى ئائىلە شەكلى ۋە مۇھەببەت ھادىسىلىرىنى، مەسىلەن، ھازىر تېلېۋىزىيە، كىتاب، رومانلاردا تەسۋىرلىنىۋاتقان ياۋروپاچە، خىرىستىئانچە مەدەنىيەت تىپىدىكى ئائىلە ۋە مۇھەببەت ھادىسىلىرىنى مىللىتىمىزگە تېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن يەنە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سىۋىلىزاتسىيە دەرىجىسىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلەشتىن باشقا يەنە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش كامالەتلىك دەرىجىسىگە باغلىقتۇر. دۆلەتنىڭ دېموكراتىك ياكى ھاكىممۇتلەقلىقى، ئىنسان ھەققىدىكى قاراش ۋە تەلىماتلارنىڭ ئىنسانپەرۋەر ياكى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىنساننى خارلاش خاراكتېرى، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق ياكى دۈشمەنلىك ھالىتىدە تۇرغانلىقى بىۋاسىتە ئائىلە ۋە ئۇنىڭ بەخ-تى - ئاپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئىنساننىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئىنسان مەركەز قىلىنغان يېڭى سىۋىلىزاتسىيىلىك تارىخى جەرياننىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگە-شىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە ئائىلە ھەقىقىي قەلب ئۆيىگە ئايلانغۇسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئىنسانىيەتنىڭ كامالەتلىك ئائىلە مەدەنىيىتى ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇ غايىدىكى ئىجابىي رېئال ئائىلە نەمۇنىلىرىنى كې-ڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا كې-شىلىك جەمئىيىتى يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يۈكسىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ مەيدانغا كېلىدۇ. بىز ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك زۆرۈرىيەت رېئال ئائىلىمىزنى بەخت ۋە مەدەنىيەت گۈلزارى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ ئائىلىنى بىلىشنى، ئائىلىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە مەنىۋى مۇھىتتا ئۇچرىشىشى مۇم-كىن بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ زەربىلەرنى توغرا مۆل-چەرلەشنى، ئائىلىنى زىددىيەت ۋە پاراكەندىچىلىكتىن ساقلاپ ياكى

ماھىرلىق بىلەن قوتۇلدۇرۇپ، كامالەت، گۈزەللىك ۋە بەختىيار-لىققا باشلاشقا قابىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەر بىر ئىنسان-نىڭ ئائىلە ئېڭى، ئائىلە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئېرىشكەن تەربىيىسى بىلەن بۇ جەھەتتە تەشەببۇسكارلىق قىلىش دەرىجى-سىگە باغلىق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلە قۇرۇشقا كىيىم ۋە جاھاز ھازىرلىقىدىن مىلىيون ھەسسە مۇھىمراق ھازىرلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ نېمىدە؟ ئائىلە قۇرۇپ زىددىيەتلەر قاينىمىدا سولغۇنلۇققا بېرىلمەسلىكنىڭ يو-لىمۇ بارمۇ، ئۇ نېمىدە؟

ئوتتۇرا ياشتىكىلەر، ياشانغانلار ۋە بويتاقلار ئائىلە پاجىئە-سىنى كەچۈرگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىدىغانلارنىڭ بەخت-لىك ئائىلىگە مۇيەسسەر بولۇشىدىكى ئاساسىي تەدبىر نېمىدە؟

مەن بۇ نىجادىيەتنامە ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ ئائىلە توغ-رىسىدىكى يۈكسەك ئېڭى، پاك قەلبى ۋە مىللەت توغرىسىدىكى تۈركۈم چۈشەنچىسى، مەجبۇرىيىتى بىلەن ئومۇم كىشىلىك جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ پارلاق كامالىتى توغرىسىدىكى تارى-خىي ئىشەنچىدىن ھەمجەھەت بولغان سۈبىيېكتىتا — ئۆز قەلبى-ڭىزدە جاۋاب بېرىمەن.

بۇ ئۈچ قاتلام — ئائىلە ئېڭى، مىللەت مەجبۇرىيىتى ۋە



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلار تور بېكىتى

كامالەت ئىشەنچىسى بىزگە ناھايىتى يىراق نەرسىلەردەك كۆرۈنۈ-
شى مۇمكىن. بىز ھەتتا پاجىئە ـ ھاقارەت لاتقىلىرىدا غالىبانە
ئۆزگەن، ھەم ئىچكى روھىيەت — ئائىلىۋى تۇرمۇشتا بەختىنىڭ ئۆز
قۇربىتى يېتىدىغان ھەممە ئىمكانىيەتلىرىنى رېئاللاشتۇرغان،
ئەر ـ ئايال ۋە پەرزەنتلىرى بىر ـ بىرىگە ھەم پۈتۈن جەمئىيەتكە
تۆھپىكار بولغان ئائىلە نەمۇنىلىرى ئىنتايىن نۇرغۇن. بۇ ئائىلى-
لەرنىڭ ماددىي بايلىقىدىن مەنىۋى بايلىقى مىڭ ھەسسىلەپ نۇر-
غۇن. ئويلاڭ، ئۇلار ئاڭ بىلەن، ئىپتىخار بىلەن، ئېتىقاد بىلەن ئۆز
قەلبىنى يورۇتقان ۋە بۇنداق نۇرانە قەلب بىلەن ئۆز ئائىلىسىنى
يورۇتقان. سىز ئالدى بىلەن تەرسالارچە رىقابەتكە تولغان رېئال
دۇنيادا پۇل، مەنسەپ، شۆھرەت ۋە بولغىنىش يولىغا ئۆزىڭىزنى
ئاتماڭ. بۇ «بارسا كېلەر يا كەلمەس» يول. سىز ئاۋۋال مەنىۋى تۇ-
زۇلمىڭىزنى تۈزەڭ. ناباب ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلە ـ جەمئىيەت تەربى-
يىسى سىزگە يۇقتۇرغان ئىللەتلەر بىلەن ئاتالمىش «جىنسىي
ئەركىنلىك» تەرغىباتى كۆڭلىڭىزنى بۇزۇۋاتقان مەنىۋى ساتقۇن-
لۇق، روھىي قاراقچىلىق، تۇرمۇش چۈشكۈنلۈكلىرىدىن ئۆزىڭىزنى
ئېرىغداڭ. ئۆز سەۋەنلىكلىرىڭىزنى ئۇمىدسىزلىك بىلەن ئەمەس،
بەلكى نەپرەت، جاسارەت ۋە ئۇمىدۋارلىق بىلەن كۆرۈڭ، ئۇنىڭغا
كۈرەش قىلىڭ. سىز ياخشى ئەر، ئاتا، مىللەت ئىپتىخارى؛ ياخشى
ئايال، ئانا، خەلق پەرزەنتى بولۇشقا قادىرسىز، ئالەم ئۇزۇن، سىزدىن
كېيىن پەرزەنتلىرىڭىز، نەسىل ـ نەسەبىڭىز پاك ياشىسۇن.

سىزدىن باشقا خەلقىڭىز ـ مىللىتىڭىز روناق تاپسۇن.

شۇنداق! ئائىلە مىللەت ـ ۋەتەننىڭ بوسۇغىسى، بۆشۈكى ۋە بوستان. مىللەت ـ ۋەتەن ئۇلۇغ ۋە تەڭدىشى، تەكرارى يوق مۇمكىنلىك. ئۇ يالغۇز ھەر بىر مىللەت ـ ۋەتەن ئەزاسىنىڭ تۇغۇلمىقى، تىرىكچىلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى مەدەنىيەتنى مەركەز قىلغان مىللىي تىپى، مىللىي ئىپتىخارى، ئەرك ـ ھۆرىيەت تۇيغۇسى، ئەخلاقىي رازىمەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئەڭ تۈپلۈك ھالقا. ۋەتەن يالغۇز مىللەت ئۈچۈنلا ئەمەس، ۋەتەن تەبىئىتى ئۈچۈنمۇ — مۇزلۇقلار، دەريا ـ كۆللەرنىڭ يوقىلىپ كەتمەسلىكى، تەبىئىي ئورمان ۋە بايلىقلارنىڭ خاراب بولماسلىقى، ئەقەللىي چۇمۇلىگىچە بولغان جانلىق ھايۋانات ئىقلىمىنىڭ، ياۋايى گىياھلارغىچە بولغان تەبىئىي ھاسىل ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرىنىڭ زەربە ـ قىسمەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈنمۇ چوڭ ھامىي قورغان. بۇ بىزگە بىر تېرەن ھېكمەتنى — جانلىق ـ جانسىز تەبىئەتمۇ ئائىلىگە كامالەت تىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللەت ئۇرۇقى بولغان ئائىلىنىڭ ھەرگىز قىلچە بىپەرۋا بولغىلى بولمايدىغان غايەت ئۇلۇغۋار تىماتىكا ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

ئويلاپ قاراڭ. ھەر خىل ھېكايە ـ رومانلار، ھەر خىل تېلېۋىزىيە ـ كىنو فىلىملىرى، ھەر خىل ئىشقى ناخشا ـ شېئىرلىرى، ھەر خىل غەرىبچە مۇھەببەت ۋە ئائىلە قاراشلىرى كۆچەپ تەرغىب قىلىنىۋاتقان كىتابلار، ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك، ئۇپا ـ

ئەگىلىك، زىبۇ زىننەت ۋە ئالىيپشىل چىراغلار بىلەن كۆزنى چاق-نىتىدىغان رېستوران ـ مەيخانىلار، ھەر خىل شېرىن سۆزلەرگە ماھىر ئەر ياكى ئايال كەسپىي ئالدامچىلار مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالىدىغىنىز!! بۇ رېئال چىنلىق.

مەن خەلقىمگە ئائىلىۋى بەخت تىلەيمەن. ئەمما، بۇ بەخت ئايرىم ئىنسانلارنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان «بەخت» كۆرۈنۈشىدىكى قات ـ قات چەمبەر ئىچىدە ئەمەس، بەلكى، سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى ئەقىل ـ ئىدراك، ۋىجدان ـ ئېتىقاد، بىلىم ـ تەپەككۇر، جاسارەت ـ غەيرەت بۇلاقلىرىڭىزدىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«نىكاھ — ئىنساننى بىر ـ بىرى بىلەن سەمىمىي تۇتاش-تۇرۇپ تۇرىدىغان نۇرانە رىشتىدۇر.»

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

مۇھەببەت ۋە نىكاھ نامىدا يامان ئەر قولىغا چۈشۈش «ئەخلاق» نامى سۇيىئىستېمال قىلىنغان مۇدھىش زىندانغا چۈشۈشتىن پەرقسىز. ئىككى نابابنىڭ نىكاھلىنىشى ئاتالمىش «ئائىلە» كى-تابىدىكى بۇزغۇنچىلارنىڭ ھەرىكەت ھەمدەملىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئايال جىنسى — قىز، نىكاھتىن ئىلگىرى ئايالىق غۇ-رۇرنى قوغدىلىنىش ۋاستىسى قىلىشقا ھاجىتى بولمىغان

www.uyghurkitap.com

ئىززگۇ ۋە شەپقەت بەخش ئەركەكنى سۆيۈشى ئاقىلانىلىكتۇر. ئايال- نىڭ پەزىلەتلىك ئېرىگە نىسبەتەن ئارتۇقچە ئېھتىياتچانلىقى، ئۆزىنى ئىشقا سېلىشى ھاجەتسىز، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئېرىنى ئۆز ئا- لىقىنىغا ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى يولسىزلىق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ھايات مۇرەككەپلىكلىرى، ئىجتىمائىي ۋە جىسمانىي پاجى- ئەلەر ئائىلىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭ بىر تۇرى ئەر ياكى ئايالنىڭ بويتاق - تۇل ھالەتكە ئۆتۈشى بىلەن قايتا نىكاھلىنىش بولۇشىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

قايتا نىكاھلىنىش بولۇشقا مۇمكىنلىك بېرىدىغان ھادىسىلەر ئومۇمەن مۇسىبەتلىك (بىر جۈپنىڭ قازا قىلىشى تۈپەيلى)، سۇ- يىقەستلىك (باشقىلارنىڭ ئائىلىنى بۇزۇشى ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى تۈپەيلى)، يەڭگىلتەكلىك بىلەن بىزار بولۇش تۈپەي- لى، ھەقىقىي ئۆز تەقدىرىنى قۇتقۇزۇش تۈپەيلى يۈز بېرىدۇ. پۈتۈن مەسىلە دەل بۇ مۇمكىنلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ ئەقلىي - ئەخلاقىي خاراكتېر - ساپاسىدا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئەرنىڭ بىشەملىكى ئايالنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ئاياغ

ئاستى قىلغان ئەھۋالدا نىكاھتىن ئايرىلىش بىر قېتىملىق ئازاد-لىق. ئەمما، نىكاھتىن نومۇسسىز نىيەتلەر بىلەن ئايرىلىش ياكى ئەرنىڭ قەتئىي ھالدا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئايالنى قويۇپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ ئىنساني ئىززىتىنى قوغداش ئۈچۈن بولغان نىكاھتىن ئايرىلىش بىلەن ئىقابىلىۋېلىشنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈش لازىم. تەكىتلەش كېرەككى، بۇنداق نومۇسسىز نىيەت بىلەن نىكاھتىن ئايرىلغۇچى بىر تەرەپ، تولا ھاللاردا پۈتۈن گۇناھ ياكى توقۇلما بوھتانلارنى قارشى تەرەپكە دۆڭگەپ قويۇشنى ۋاستە قىلىپ چىق-قانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى نىكاھتىن ئايرىلىش ئىقابىغا نەچچە ھەسسە ھوشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر قانداق ناچار ئەر ياكى ئايالمۇ ئۆزىنى بۇ جەھەتتە تەنتەنىلىك كۆر-سىتىشى تەبىئىي.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئىنساني ئىززىتىنى قوغداپ نىكاھتىن ئايرىلغۇچىلارنى جامائەت ئەيىبلىمەيدۇ، قوللايدۇ ۋە ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئىپپەتلىك بويتاق ئۆز ئىپپىتىنى ساقلىشى لازىم بولغىنىدەك، ھەر بىر نىكاھتىن ئايرىلغان ئىپ-پەتلىك تۇل ئايال قايتا نىكاھلىنىشنى ئىزدىگەندە ئىككى جەھەتكە قەتئىي ئەمەل قىلىشى لازىم. بىرى، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، پەرزەنتىنى تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ بىلەن (ھەتتا

قىساسكار روھىدا) تەربىيىلىشى، نەتىجە قازىنىشى؛ يەنە بىرى، بىرىنچى نىكاھ ئالدىدىكى قىزلىق دەۋرىدىنمۇ قەتئىي ئۆپپەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى، نومۇس ۋە جامائەت پىكرى ھەر ئىككىچە. ھەتتە ئۆز پىكىر، قەدەم، ھەرىكىتىنى ساغلام ۋە كاپالەتلىك ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇ دەۋر ئۇنىڭ كەلگۈسى بەختلىك ياكى تۈگىشىپ كېتىشىنى بەلگىلىشى مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قايتا نىكاھلىنىش كۆپ ھاللاردا كىشىگە ئېغىر روھىي ئەسلىمىلەر، گۇمانلار، مەنىۋى تۈگۈنلەر، ھەتتا ئۆمۈرلۈك پۇشايمانلار ئېلىپ كېلىدۇ. مۇنداق قايتا نىكاھلانغان ئەر ـ ئايال ئىلگىرىكى جىنسىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن؛ ئىلگىرىكى نىكاھتىن ئايرىلغان ھەقىقىي (ئېغىزدىكى ۋە ئەسلىدىكى) سەۋەبلەر بىلەن يېڭى نىكاھقا قەدەم قويغان؛ ئىلگىرىكى پەرزەنتلەر ئۈستىگە ئىلگىرىكى پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ كىرگەن؛ يېڭى نىكاھلىق ئائىلىگە ئىلگىرىكى جۈپتىگە ئائىت ئەسلىمىلەر ئىزسالغان ئۆي جاھازلىرىنى ئېلىپ كىرگەن؛ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىلگىرىكى كۆنگەن تۇرمۇش ئادىتىدىن باشقا تۇرمۇش ئادىتى سىڭىشتۇرما بولغان؛ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىدا ئىلگىرىكى ئۆز ئورنىدىكى كىشى بىلەن سىڭىشتۇرما قىلغۇچى كۆزلەر كۆپەيگەن؛ بۇ قېتىم قايتا ئايرىلىشقا ھېچقانداق

ئەركى قالمىغان روھىي ھالەت شەكىللەنگەن بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپتە مەلۇم مۇساپە، دەرگۇمان، بۇرۇقتۇرمىلىق، بالىلار ـ تۇغقاندىلار بېسىمى بولۇشتىن تاشقىرى، ھەر بىر ئىشتا، ھەتتا ئاياغ تىۋىشى، كۈلۈشى، تەبەسسۇمى، مېھىر ـ شەپقىتىدە ئىلگىرىكى جۈپتى بىلەن سېلىشتۇرما تەپەككۇر، ھېسسىيات دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ھەتتا يامانلاشقان جۈپتى يىراقلاشقانچە، ئۆزىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى بىلەن نامايان بولۇشقا باشلايدۇ. بۇندىن باشقا بۇرۇنقى جۈپتىنىڭ ئۇتتۇقلىرىمۇ، مۇشەققەتلىرىمۇ ئۆزگىچە تەسىر قىلىدۇ. پەرزەنتلەر ئىشى (مەسىلەن، تويى)، چوڭلارنىڭ قازاسى قاتارلىقلار يەنە ئارىلىشىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ ھال كېيىنكى نىكاھلىنىشنىڭ ئايرىملىرىنى ھېسابلىمىغاندا، ھېسسىياتقا كۆچەپ ئايرىلىشنىڭ ئائىلىدە ئالدىنقى ئائىلە روھى ياشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىرىنچى ئائىلىنى بۇزۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى زەررىچە مۇمكىنلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئىلگىرىكى مۇھەببەتنى پەرۋىش قىلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاقىلانىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ئەسلىدە ئەركىن نىكاھ نىكاھلانغۇچىلار ئارىسىدا بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە رازىمەنلىك، خۇشاللىق، ئىناقلىق ۋە قۇدىچىلىك ھالاۋىتى كەلتۈرۈشى لازىم ئىدى. پۇل ۋە شۆھرەت مەقسەت قىلىنغان نىكاھتا، نىكاھ توي قىلىشقانلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى

www.uyghurkitap.com

ئارىسىدىكى سودا ـ تىجارەتكە ئايلىنىپ قالغاچقا، ئەسلىي ماھىيىتىدىن ياتلىشىپ، سېھىرلىك ۋە ئەندىشىلىك ساختا قىياپەتكە كىرىدۇ. ئۇ بەزىدە «قىل» نىڭ ئۇستىدە «كاتتا دۇكان» پەيدا قىلىپ، تەھدىت بىلەن يۇلۇۋېلىشنى قەستلەيدۇ، بەزىدە تويدىن ئىلگىرى «ئېغىر ئاياغ» قىلىشنى پەيدا قىلىپ، سودىنى تاڭىدۇ. ساختىپەزلىك ماھىرلىرى — دەللاللار، تادان سۇخەنچىلەر تاشتىن ماي، تۇخۇمدىن تۈك چىقىرىش يولىدا توي ئىگىلىرىنىڭ قەلبىنى ساختىپەزلىك ئىللەتلىرى بىلەن زەھەرلەيدۇ. خەتەرلىكى شۇكى، بۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ئائىلە تۇرمۇشىدا ئەر ـ خوتۇن مۇھەببىتى ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ جەھەتتىكى زىددىيەتلەر ئائىلە بوھرانىغا — بەختسىزلىك ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



ئائىلىۋى مەسىلىلەرنى ئاڭلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرىدا مۇھەببەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. بۇ ماھىيەتتە مۇھەببەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

باشتىن ـ ئاياغ بىر خىل قىزغىنلىق، بىر خىل تەبەسسۇم، بىر خىل خۇشاللىقنى ئارزۇ قىلىدىغان، تۇرمۇشنى زىددىيەتسىز ھەل قىلىدىغان كىشىلەر خىيالغا بېرىلگەن كىشىلەردۇر. مۇنداق خىيالىي، تاۋى نازۇك، مۇھەببەت ۋە بەخت ـ سائادەت قارىشى رېئال- لىقتىن، بولۇپمۇ ئۆزى تەۋە بولغان ماكان، زامان ۋە مىللەت تۇر- مۇشىنىڭ رېئاللىقىدىن ئايرىلىپ ھالقىپ كەتكەن كىشىلەر تولا ھالالاردا بەختسىز بولىدۇ. بۇنداق بەختسىزلىك ئۇلارنىڭ بەخت قارىشىنىڭ قانائەتلەنمەسلىكىدىن بىر خىل ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىدىغان خاتا تۇيغۇدىن ھاسىل بولغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

قەدىناس ئەر ـ ئايالالار ئائىلە زىددىيەتلىرىنى ئەقىل ـ زېھىن، سەۋرى ـ تاقەت، ئىجابىي تىرىشچانلىق ۋە يېڭى ـ يېڭى مەپتۇنكار مۇھەببەت رىشتىلىرى بىلەن ھەل قىلىپ، ئۇنى داۋاملىق گۈللەن- دۈرۈشنى لازىم.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«ئائىلە بەختى — خوتۇن قولىدا»، خوتۇن گادايلىققا قارشى ئەسكەر، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋەتىنى ئائىلە. خوتۇن زىددىيەتلەرنى يا- راشتۇرغۇچى سۇلھىچى ۋە قازى، نەسىھەتچى ئۇستاز. «ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىبادەتتى تىرىشچانلىق، ئىلمىي ئائىلىنى ھەربىر ئىلىرچە مۇنتىزىم ـ ئىنتىزىم ـ ئىمدىتلىق تۇتماق، قورالى ھەتتاكى قايچە بىلەن بىكىتىلىسى». خوتۇن ئائىلە چىرىغى، روھىيەت بېغى، مەپتۇنكارلىق گۈلى. بەخت، ھەتتا ئائىلە بەختى ئەقىل بىلەن بىلىمگە باغلىق. ئائىلە بەختى ئەرنىڭ بىلىمگە ئەمەس، خوتۇننىڭ ئەقلى ـ بىلىمگە باغلىق. ئۇنىڭ زىننىتى پەزىلەت، قۇدرىتى بىلىم بىلەن ئەقىل. ئەقىلسىز خوتۇن بىلىملىك ئەرنىڭ ھالاكەت زىندانى. ئائىلىدە، خوتۇن ئالدىدا بەختسىز ئەر، ھېچ جايدا بەختلىك بولالمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

خوتۇن ئەرنىڭ تايانچىسى، ئۆمۈردە ئىزدىگىنى، ئارزۇ قىلغىنى ۋە ئېرىشكىنى. خوتۇن ئەرنى ئۆستۈرۈشى، قىرقىشى مۇمكىن. تارىختا ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن ئاشىقلىق داستانى ياراتقان يىگىت ـ ئەركەكلەر، ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭلەردە قۇربان بولغان ئەرلەر نۇرغۇن. ئوخشاشلا، ئۆز خوتۇنىنىڭ ساتقۇنلىقىدىن، ئېپپەتسىزلىكىدىن، سۆرەلمىلىكىدىن، پىتنە ـ خورلىقىدىن، ئاچ كۆزلۈكىدىن، زالىملىقىدىن، بىپەرۋالىقىدىن، دەرغەزەپلىكىدىن، نادانلىقىدىن، تەنتەكلىكىدىن ھېچبىر ئىشى يۈرۈشمەي، كۆڭلى ئېچىلماي، ئۈمىدى ئېرىشمەي، خارلىق، مەيۈسچىلىك، نادامەت ئىچىدە نەس بېسىپ يۈرگەن ئەرلەر ئازمۇ؟! بۇ ماھىيەتتە مىللەت بەدىنىدىكى پاجىئەدىن ئىبارەت. خەلق توغرا

ئېيتىدۇ: «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن»، «قا-
بىل خوتۇن نەتىجىلىك ئەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ». دەرۋەقە، ئەقىل-
لىق، ئېتىقادى مەھكەم، پەزىلىتى ئالىيجاناب، مەرىپەتلىك ۋە چېۋەر
ئايال تۆپەيلى، ئاددىي ئەركەكتىن نەتىجىلىك، ھەتتا ئالاھىدە نەتى-
جىلىك ئەر، پەرزەنت تارىخقا قەدەم قويۇشى مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

دەرۋەقە، دۇنيادا كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ۋە خوتۇن بولۇشى ئاز
ئۇچرايدۇ. ئادەم جانلىق ۋە ئۆزگىرىپ بارىدىغان نەرسە. ھەر كىمنىڭ
ئۆز گۈلى ۋە تىكىنى، ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە نۇقسانلىرى بولىدۇ. ئائىلە
—رەندە: ئۇ ئىككى پارچە، بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ھىم كەلمەيدىغان
ياغاچنى ياپسا قىلىپ، بىر - بىرىگە ھىم قىلغاندەك، ئەر - ئايالنى
تەدرىجىي ئاڭلىق ياكى سۇركىلىش ئارقىلىق ئادەتلىنىش شەكلىدە
بىر - بىرىگە ياپسا قىلىدۇ. مۇھەببەت ئۇنى يەملەيدۇ. نىكاھتىن
ئىلگىرى كۆيۈپ - پىشىپ كېتىشكەن، نىكاھتىن كېيىن «ياپ-
سالاش» جەريانىدا پۇچۇلۇپ كەتكەن ئائىلىلەرمۇ، نىكاھتىن ئىل-
گىرى راسا ئىچ كۆيۈكى تارتىشمىغان، نىكاھتىن كېيىن ئىناق
ئائىلە تۈزگەنلەرمۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەسىلە ئادەمنىڭ بەدىنىدە
ئەمەس، ئادىمىيلىك شەرتلىرىدە. ياشلىق ئۆزى گۈزەل بولىدۇ، ياش
ۋە گۈزەل ئادەملەر نۇرغۇن. ئەمما ئادىمىي ئادەم بولماق نەچچە ئەۋلاد
ئىشى. ئۇ ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە ئالغان تەربىيىسىگە، نىكاھتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېيىن ئۆچرىغان ئائىلە تەربىيىسىگە، ئاتا بولغاندىن كېيىن ئائىلىدە ئۆچرىغان ئاتا بولۇش تەربىيىسىگە، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ تەربىيە قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق سۈپەتلىرىگە باغلىق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ نازۇك ۋە ئەپسۇنكار مۇھەببەت مۇناسىۋىتىگىمۇ، ئاتا ـ ئانا ئوبرازىدىكى ئەڭ نۇرانە ئوبرازغىمۇ خەتەر كەلتۈرىدىغان نۇقسانلار مەۋجۇت. ئۇ خۇددى «ئىمان» نىڭ كۈشەندىسى «شەيتان» بولغىنىدەك، بەخت ـ سائادەتنىڭ ھالاكەتچان كۈشەندىسىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«تەلەپ قىلىش نۇرغۇن، غەمخورلۇق قىلىش ئاز» بولۇش. مەيلى ئەنئەنىۋى ياكى ياۋروپاچە قاراش بىلەن بولمىسۇن ئەر ئايالدىن، ئايال ئەردىن كۆپ تەلەپ قىلىدىغان، «خەقنىڭ ئەر (ئايال) لىرى ئۇنداق ئىكەن»، «مۇنداق قىلىدىكەن» ياكى «ئەر (ئايال) ئۇنداق بولۇشى» لازىم دەپ سۆزلەپ يۈرىدىغان، كۆڭلىدە ئۆز ئايالى (ئېرى) نىڭ ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ئەجرىگە نارازى ھېسسىياتتا بولۇپ يۈرىدىغان، ئەكسى ھالدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئەجىر قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن غەمخورلۇقى ھەققىدە ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ، كايىمايدىغان ئەھۋال. بۇ «مۇرۇۋۋەتسىزلىك»

ئىللىتىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«ماددىي قىممەتكە ئەھمىيەت بېرىش كۆپ، روھىي ھالەتكە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ ئەرلەردە ئائىلىگە پۇل، نەرسە كېرەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاياللىنىڭ دىلىنى كۆتۈرۈش، ئۇنىڭغا مەنىۋى جەھەتتە سىرداش بولۇشقا كۆڭۈل بۆلمەسلىك جەھەتتە كۆرۈلسە؛ ئاياللاردا ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ماددىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى تۇرمۇشى، روھىي ھالىتىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. بۇ «ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي بىرلەشمىلىكى، مەنىۋى شىپاخانا بولالماسلىقى» ئىللىتىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«ئائىلە سىرتىغا ئائىت پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئائىلە ئىچى مۇلازىمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ دائىم دېگۇدەك سىرتتا مەشغۇلات ئۆتكۈزىدىغان ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتىدە بىر ـ بىرىگە قېيىداش پەيدا قىلىدىغان روھىي ئازاب. بۇ، ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك جەمئىيەتكە زىت قىلىپ قويىدىغان «ئائىلە چىرىغىنىڭ مايسىراپ قېلىش» ئىللىتىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«ئەر ـ ئايال ھەر قايسىسى ئۆز ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئائىلىدە باشقا ئەزالار ۋە پەرزەنتلەر تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى، روھىي يېتىنگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ «ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىنى تولۇق ئۆتىمەسلىك» ئىللىتىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«يۇقىرى ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئائىلىنى زىنىنەتلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى مەنىۋى تۇ-زۇلمىسىنى بېيىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ «ئائىلىنى قۇرۇق باراڭ قىلىش» ئىللىتىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«ھەممىگە چات كىرىۋېلىش بىلەن ھەممىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىۋېلىش». بۇ ئائىلىدە بىر تەرەپنىڭ قىلمەن دېگىنىنى ئىك-كىنچى تەرەپكە ياخشى سۆز بىلەنمۇ، داۋاملىق ۋايساپ زېرىكتۇرۇش بىلەنمۇ قوبۇل قىلدۇرۇش ئادىتىدە؛ ھەممە خىراجەتنى ئۆزى بىل-گەنچە تىزگىنلەش خاھىشىدە؛ ھەممىنى، ھەتتا ئېرى ياكى ئايالىنى باھالىغۇچى، ئەيىبلىگۈچى قىلىۋېلىش ئىستىلىدا؛ ئائىلىدىكى بىشەملىك، جېدەلخورلۇق، كۆكەمىلىك، مۇشتۇمزورلۇق ياكى ئۇششۇقلۇق قىلىش، سەتىنى يېيىش ئىللەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بۇنداق ئائىلىدە جېدەل بېسىقمايدۇ ياكى بىر تەرەپ ھەممىدە ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، ئائىلىنى يالغۇز ئات ھارۋىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئائىلىدە بىر تەرەپنىڭ غەلىبىسى بولماستىن، ئەكسىچە ھەر ئىك-كى تەرەپنىڭ پاجىئەسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئائىلىدە بىر تە-رەپنىڭ ئىككىنچى تەرەپ ئۈستىدىكى غەلىبىسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«پۈتۈن كۆڭۈلسىزلىكنى ئىككىنچى تەرەپكە ئارتىپ، ئۆزد-ىنىڭ رەنجىشى ئورۇنسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش بىلەن ئائىلىدە كۆڭۈل سۇ ئىچمەسلىك». بۇ ئائىلىدە ئۆز - ئۆزىنى ئاقلىق ئۈستۈن قويىدىغان بىر تەرەپنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئىك-كىنچى تەرەپتىن پۈتاق چىقىرىش ئادىتى بولۇپ، روھىي جىنكەش-لىكتىن ئىبارەت. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ ئائىلىدە كۆڭلى سۇ ئىچمەسلىككە مۇپتىلا بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قاتار غەيرىي نورمال خىيال ۋە ھەرىكەتلەرگە مۇمكىنلىك تۇغدۇرىدۇ. بۇ ئائىلە دۈشمەنلىرى ئۈچۈن پارتلاتقۇچ دورىدەك چوڭ ھەمكارلىقتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«ئاساسسىز كۈنچىلىك قىلىش بىلەن ھېسسىياتتا تاشلاپ قويۇش». بۇ ئائىلىلەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان ناچار ئىللەت

بولۇپ، بۇنداق مۇھەببەتكە بولغان بىر خىل پىسخىك گۇمانخورلۇق ئىللىتى تۇپەيلىدىن ئائىلىدە نۇرغۇن سۈركىلىش، ئاساسسىز تۆھمەت قىلىش ھادىسىلىرى، ھەتتا نىكاھتىن ئايرىلىش كېلىپ چىقىدۇ. ئەكسى ھالدا ئائىلىدە مۇھەببەتنىڭ سۇسلىششى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ، ياكى بىر تەرەپ قارشى تەرەپنى ھېسسىياتتا تاشلاپ قويۇش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال سوزۇلغانچە روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە جىددىي پارتلاش خاراكتېرلىك زىددىيەت-لەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

«پەرزەنت كۆرۈۋېلىشنى كۆزلەپ ياكى ئىقتىسادىي ئىقتىدا-رىنى كۆزلەپ، ئەر - خوتۇنلۇق مېھىر - مۇھەببىتىنى كۆزلىمەس-لىك». بۇ ئائىلىلەردە ئائىلە قۇرۇش مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى شەكىلدىمۇ، پەقەت پەرزەنت رىشتىسى بىلەن ئىقتىسادىي دارامەت مەنپەئىتىگە چوغ تارتىپلا ئائىلىنى سولغۇن داۋاملىتىۋاتقان كېيىنكى شەكىلدىمۇ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن



«غەزەپ ئوتىنى بولۇشىچە چېچىش، قىساسكارلىق يالقۇنىدا ھالاك بولۇش». بۇ بەزى ئەر - ئاياللاردىكى ئەڭ ئەقىلسىز، ئەڭ سەۋدا، ئەسەبىي ئىللەت بولۇپ، جىنسىي مۇھەببەتتىكى ئىككى

تەرەپنىڭ مۇھەببەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى خانىۋەيران ۋە ھالاك قىلىش ئىللىتىدىن ئىبارەت. بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غەزىپىگە پايلىماي ئائىلىنى پاجىئەلىك قانغا بويايدىغان جىنايەت دېلولىرىنىڭ داۋاملىق پەيدا بولۇپ تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ ئائىلە خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي پاجىئە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايمىز.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئائىلىدە ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتى ۋە ئاتا ـ ئانا ئوبرازىغا نۇقسان كەلتۈرىدىغان ئىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن ئىبارەت. ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن ئەر ـ خوتۇننىڭ ئاتا ـ ئانا بولۇش مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئائىلە ئاپەتلىرىنىڭ ئىچكى يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئۆز ھەمراھىنىڭ كەسپى، قىزىقىشى، ئىجادىيىتىگە يېقىندىلىشىپ، ھەمكارلاشقان ئەر ياكى خوتۇن ئەقىللىق، كۆيۈمچان، مەدەنىيەتلىكتۇر. ئەكسى ھالدا ئۇنىڭ نېمىگە قىزىققىنى، نېمىدە ئىجادىي ئەمگەك قىلغىنى، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىخەۋەر، ھەتتا ئۇنىڭغا سەلبىي نەزەردە قارايدىغان ئەر ياكى خوتۇن جاھىل، نادان، مەدەنىيەتسىزدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئاتا - ئانىلار بالا - چاقىلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ بارلىق خۇشاللىقى، بىئاراملىقى ۋە ئەندىشىلىرىنى يوشۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشى بىھاجەت. بىئاراملىقى ۋە ئەندىشىلەرنى بولسا ئېيتىشقا بولمايدۇ. بالا - چاقا ئاتا - ئانىنىڭ جاپاسىنى راھەتكە ئايلاندۇرالايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىنى تېخىمۇ ئاۋۇندۇرۇۋېتىدۇ. بالا - چاقا ئاتا - ئانىنىڭ تۇرمۇش يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆلۈم توغرىسىدىكى ئەندىشە - قورقۇنچلىرىنى يېنىكلىتىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

بارلىق جانلىق كۆپىيىش ئارقىلىق ئەۋلاد قالدۇرسا، ئىنسانلار ئەۋلادى ئارقىلىق گۈزەل نام، كەسىپ ۋە ئەخلاق - پەزىلەت قالدۇرىدۇ. لېكىن، نېمە ئۈچۈن ئەۋلادى يوق بەزى كىشىلەرمۇ دۇنياغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار بارلىق كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان بىر خىل روھنى قالدۇرغان. بۇ خىل ئەۋلادسىز كىشىلەر، ئەمەلىيەتتە، كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەردۇر. ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر بالا - چاقىسىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەۋلادىنى ئۆز قوۋمىنىڭ ۋارىسى دەپ قاراپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئىشىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ھەرقانداق نىكاھنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىش پۇرسىتى بولىدۇ. ئەمما، پەقەت ئۆزئارا مۇھەببەت يوقالغاندىلا، نىكاھنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشىنىمىز.

ئوگ. ماندىنو: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس» تىن

پەقەت ياخشى تەلىم ـ تەربىيە ۋە ساغلام ئائىلە مۇھىتى بولغاندىلا، ئاندىن ساغلام جەمئىيەت مەيدانغا كېلىدۇ.

ئوگ. ماندىنو: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس» تىن

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ يادروسى.

ئىبسېن

بىر ئائىلىنىڭ بەختى بىر دۆلەت ئامانلىقىنىڭ ئاساسى.

ئىكېدادايساكۇ

ئىناق ئائىلە بولمىسا، تىنچ جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ.

ئىكېدادايساكۇ



ئورتاق مىجەز ـ خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئائىلە بەختلىك بولىدۇ.

ئېمېرسون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەببەتنىڭ پاك، ئالىيجاناب، سەمىمىي بولۇشى كىشىلەرنىڭ مۇستەھكەم ھۆجەيرە — ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشۇشىنىڭ كۈچتۇر.

سۇخوملىنسكىي

بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ بەختسىز ئائىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا بەختسىزلىكى بولىدۇ.

لېف تولستوي

كىشىلىك ھاياتتىكى ھەقىقىي بەخت ۋە خۇشاللىق ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

مۇنىر ناسۇف

ئۆز ئۆيۈڭ مەيلى قانچىلىك ئاددىي، قانچىلىك نامرات بولسۇن، دۇنيادا ئۇنىڭدەك راھەت يەر يوق.

لياك شچيۇ

ئائىلىدە بەختتىن بەھرىمەن بولۇش بارلىق ئارزۇ ـ تىلەكلەرنىڭ ئاخىرقى نىشانى.

جونسون

كىتاب ئىسمى : ئائىلە ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى : مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى : ئادىل مۇھەممەت
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچىلەر : سادىقجان ئابدۇرېشىت
ئەخمەت مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىر : ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر : ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى : قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 830000
تارقاتقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت : شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880mm×1230mm 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 5 باسما تاۋاق
نەشرى : 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—80744—363—6
باھاسى : 12.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)